ئابلەت جۇمە

# تېرىمسەن مېنىڭ باغرىم



ئابلەت جۈمە

# تېرىم، سەن مېنىڭ باغرىم!

مۇھەررىرى: مۇقەددەر سايىت
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر

# ئوقۇرمەنلەرگە

كىشىلىك ھايات ئاجايىپ: ئۆمۈر تولىمۇ قىسقا،
لېكىن، شۇنچىلىك قىسقا ئۆمۈردە خۇددى چولپان يۇل-
تۇزلاردەك پارلاپ مەھلىيا قىلغۇچى يارقىن نۇر چاچى-
دىغانلارمۇ، ئاقار يۇلتۇزلاردەك غىل - پاللا نۇر
چېچىپ، ئالەمدىن بىھۇدە تۈگەيدىغانلارمۇ بولىدۇ.
تەبىئەتتىمۇ شۇنداق: مىگېر مۇشەققەتتە يېتى-
شىپ، ئالاھىدە «بوي - بەستى» بىلەن كىشىلەرگە نا-
ھايىتى كېرەكلىك بولىدىغان دەل - دەرەخلەرمۇ، چو-
ڭايغانچە پورلىشىپ كېتىپ پەقەت ھۆپۆپكىلا ئۇۋا بو-
لۇپ قالىدىغان دەل - دەرەخلەرمۇ، ئۆزگىچە ھۆسىن
بىلەن گۈل - چېچەككە پۈركۈنۈپ چېچىكىگە يارىشا
ئەلگە شېرىن مېۋە تۆكىدىغان دەرەخلەرمۇ، يالغان
جۇلا بىلەن «كۆز چاقنىتىپ» ئاخىرى ھېچقانداق مېۋە
بېرەلمەيدىغان «مېۋىلىك» دەرەخلەرمۇ بولىدۇ.
بەس! ھەر نەرسىنىڭ قىممىتى ئۆز تۇپرىقى،
ئۆز زامانىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇشتا.
مەزكۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئابلەت جۈمە
ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلگەن يەردە: ئۇ، قانچىلىك
نۆرى بولسا شۇنچىلىك نۇر چېچىشنى، جەمئىيەت ئۈچۈن
ياراملىق ماتېرىيال بولۇشنى، ساختا ئەمەس، راست
چېچەك ئېچىپ زامانداشلىرىغا مەنىۋى مېۋە ھاسىل
قىلىپ، «ئېغىز تەككۈزۈشنى» كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىد-
لىك قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بىرى.

ياش مۇئەللىپ ئابلەت بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، مەرىپەت گۈلشەنلىرىدە مەھلىيا بولۇپ، توختاۋسىز ھالدا مەنىۋى شىرنە يىغدى، ئۇ، بىزنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتچىلىق ساھەمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش يولىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، جەمئىيەتتىكى بولۇملۇق ئادەملەرنى قەلەمگە ئېلىپ، مەتبۇئات يۈزىدە كۆرسىتىشنى تېزلەتتى. ياش قەلەمكەشنىڭ ھېلىغىچە نەشىر قىلىنغان «ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ»، «ھىممەتنىڭ كۆزىنى ھىممەت ئاچىدۇ»، «ئېگىزگە ئاققان سۇ»، «چارۋا ماللارنى تېز بوداش ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات، ھېكايە توپلاملىرى يۇقىرىقى سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ.

مۇئەللىپ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىدىمۇ خەلقپەرۋەرلىك ئىستەكلىرى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئىزگۈ تىلەكلىرى بىلەن يانغان جەسۇر يۈرەكلەرنى قەلەمگە ئېلىپ، مەنىۋى يۈكسەكلىكتە كۆتۈرگەن؛ ئەل سۆيەر ئادەملەرگە تەھسىن ئېيتقان.

يالغان سۆزلەشتىن، راست سۆزلەش تەسرەك. سىز مۇئەللىپنىڭ «تېرىدىم، سەن مېنىڭ باغرىم!» ناملىق بۇ شېئىرىي ماۋزۇسىغا قارىسىڭىزلا ، ياش قەلەمكەش يۈرىكىدىكى ئانا يەرگە بولغان ئىشتىياق ئوتىنىڭ مەغرۇر يالقۇنىنى كۆرگەندەك بولىسىز.

ئادىراق گەپ قىلساق، «تېرىدىم، سەن مېنىڭ باغرىم!» ناملىق بۇ ئەدەبىي ئاخبارات مۇئەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئەسەردە مۇئەللىپ، ئەل ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان يېتەكچى ياقۇپ جۇمە قاتارلىق پېرسوناژلارنى

ئاممىباب، راۋان، جەلپقىلارلىق ھەمچۇچۇك تىل بىلەن خېلىلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆرەتلەپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىشكە تىرىشقان.

دۇنيادا قەلەمنىڭ ۋەزنى ئېغىرراق، تىلنى سۆزلىتىشتىن قەلەم تىلىنى سۆزلىتىش تەسرەك. ياش مۇئەللىپ مانا مۇشۇنداق ئېغىرراق ئىشنى تاللىغان.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن مۇئەللىپنىڭ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىنىڭ ئارگىنالىنى كۆرۈۋېتىپ، ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ ئىسكەنجىسىدە قالدىم. مەن ئەمەس قەلىمىم مەندىن يۇقىرىقىلارنى يېزىشنى تەلەپ قىلدى. مەنمۇ قەلىمىمنى يۈگەنلەپ تۇرۇپ ـــ چاپتۇرۇپ باقتىم. سىز رېئاللىقنى، مۇۋەپپەقىيەت ئۆتكەللىرىنى مەغرۇرلارچە بېسىپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇپ باقامسىز؟

**مۇھەررىردىن**

1996 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

# 1

ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى قول ئۇچىدا، ئادەتتىكىچىلا قىلىپ تۆگەتكۈسى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ بەلگىلىك ھوقۇقى، يېتەرلىك ئىمتىيازى بولسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭدىن بەھىر ئېلىپ، باشقىلاردەك راھەت - پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى، قولىغا كەلگەن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ «قەدرى» گە يېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

ئۇ، بۇ يەرگە يەرلىك «خاقان» بولۇپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ھازىرقىدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، بېرىلىپ ئىشلەپ كېتىشىگە ئىشىنەلمىگەن، پەقەت گۇمانىي قاراشتىلا بولۇشقانىدى. شۇڭا ئۇلار ئەينى چاغلاردا كۆرۈپ بېقىش نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى. ئەلۋەتتە، ئىنسانچىلىقتا بۇنداق روھى ئامىل ۋە سىناشلاردىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئويلىغىنى، ئىستەك - ئۈمىدى، كۆڭلىگە پۈككىنى بىرلا — ساختىلىق ، ھىيلە - نەيرەڭۋازلىقتىن ساقلىنىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلەش ئىدى!

بۇنىڭدىن تۆت يىل، ياق، بەش يىل ئاۋۋالقى بۇ نىيەت، خىيال ۋە غۇۋا كۆلەڭگىلەر رېئال تەۋەللۇتقا

ئىگە بولۇش ئارقىلىقلا ئۆز مەنىسىنى تاپالايتتى...
ئارىدىن تۆت-بەش يىل ئۆتتى، توغرىسىنى ئېيت-
قاندا، تۆت-بەش يىل ئادەمنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن
ئاز مۇساپە ئەمەس ئىدى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن نەر-
سىلەر يارالدى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر يارىلىشتىن
مەھرۇم قالدى. ئۇنى يەكۈنلىمەي ۋە تارىخ سۈپى-
تىدە پۈتۈپ قويماي بولمايدۇ.

2

— ئابلىز، ئەتە ئەتىگەنرەك تۇرۇڭ، ۋاقىتتىنى
چىڭ تۇتۇپ بىر قانچە كەنت - مەھەللىنىڭ كېۋەز
ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ كېلەيلى، — دېدى ئىشتىن چۈ-
شۈپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەلگەن ياقۇپ شۇجى قولىدىكى
تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىغان پېتى يەڭگىل
قەدەم بىلەن پىكاپ شوپۇرىغا يېقىنلىشىپ.
— بولىدۇ. ھە راست، 3 - كەنتتىكى بىرەيلەن
كېۋىزىمگە ئالا چۈشۈپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كې-
تىۋاتىدۇ، ياقۇپ شۇجى كۆرۈپ باقسا دەۋاتقان، —
دېدى ئابلىز دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ.
شۇجى بىر نېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئارقى-
سىغا قايتىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئابلىز ئۇ-
نىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.
ئابلىز ئۆزىچە خىيالغا پېتىپ: «ياقۇپ شۇجى
بۇ يەردىكى ھەممىنىڭ چوڭى، — دەپ ئويلىدى ئىخ-
تىيارسىز سۆيۈنۈپ، — لېكىن ئۇ ھەممىگە ئوخشاش
مۇئامىلە قىلىدۇ، كىچىككە كىچىك، چوڭغا چوڭ، كۆ-
ڭۈل ئاياشقا شۇنچىلىك ماھىر...»

ئابلىز ياقۇپ شۇجىغا قانچىلىك ئامراق بولسا، شۇجىمۇ ئۇنى بىر تۇغقىنىدىن چارە ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلاردا شۇنداق بىر خىل ئىچكى ھېسسىيات بار: بىر-بىرىنى شۇ قەدەر چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، خىزمەتتە نەتىجە قازانغاندا ئورتاق سۆيۈنىدۇ. بۇ تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇستەھكەملەنگەن قەلب بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئابلىز تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ. پەقەت ھازىرقىدەك تىنچ بىر خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە تۇرغان چاغلاردا ئويلاپ قالسىمۇ، ئۇنى ئېغىزدا ئىپادىلەپ بېرىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇ، كۆڭلىدىكى بۇنداق چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك تۇيغۇنى سۆيۈنۈش بىلەن ھېس قىلىدۇ، قولىدىن كېلىدىغىنى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ياقۇپ شۇجى ھەقىقەتەن كۆڭۈل ئاياشنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزلەرگىلا يىغىنچاقلىيالايدۇ، خالاس! مانا شۇ ئاددىي سۆزگە كۆڭلىدىكى چوڭقۇر ئەقىدىمۇ، ھۆرمەتمۇ، ۋاپادارلىقمۇ، ساداقەتمەنلىكمۇ تەڭلا سىڭگەن.

ئابلىز كۆپ چاغلاردا، بولۇپمۇ بايىقىدەك سەمىمىي تەلەپپۇزدىكى سۆھبەتلەردىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجانلىنىدۇ، بۇ ھاياجان ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن بەجانىدىل ئادا قىلىش ئىستىكى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئابلىزنىڭ بۇ يېزىدا شوپۇر بولۇپ باشلىقلارنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولدى. ئۇ، ئەينى چاغلاردا بۇرۇتى تېخى خەت تارتمىغان بالا بولۇپ، ئات ھارۋىسى بىلەن يېزا ئورگىنىنىڭ كادىرلىرىنى

توشۇيتتى. كېيىن، باشلىقلارنى تراكتورغا چىقىرىپ
يىغىنلارغا ئاپىرىپ - ئەكىلىپ يۈردى. مانـا ئەمدى
يېزىلىق ھۆكۈمەت جىپ ماشىنىغا ئىگە بولدى... ئابـ
لىز شۇ تاپتا ئۆزىدە بىر ئۇنتۇلماس تۇيغۇ بـارلىـ
قىنى سەزمەكتە ئىدى. بۇ تۇيغۇ بىز ھېلى ئېيتقاندەك
ئىپادىلەش قىيىن بولغان تەسەۋۋۇردىن شەكىللەنگەن
بولۇپ، ياقۇپ شۇجى ئۇنىڭغا ھەمىشە شۇنداق سەمىـ
مىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ يېزىلىق پارتـ
كوم شۇجىسى بولغاندىكىن ئابلىزدىن بايىقىدەك مەسـ
لىھەت ئېلىپ ئولتۇرۇش ھاجـەتسىز ئىـدى. لېكىن،
ياقۇپ شۇجى ئادەمنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ، ئادەمنى
ئادەمدەك كۆرىدۇ، مانا مۇشۇنداق ئادىمىيلىك خىسـ
لەت — ئابلىزنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا قارىتا سەمىمىي
سۆيۈنۈش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان.

3

ئابلىز سەھەردىلا جىپ ماشىنىسىنى ياقـۇپ شۇـ
جىنىڭ ئىـشخانىسى ئـالـدىغـا تـەق قـىـلدى. دەل
سائەت يەتتە يېرىم بولغاندا، يېزا ئورگىنىغا كېلىشـ
كە تېگىشلىك خادىملارنىڭ ھەممىسـى كـېلىـپ بىر ـ
بىرلەپ يوقلىمىدىن ئۆتتى. ياقۇپ شۇجى ئـۇلارنىڭ
بەزىلىرىنى چاقىرىپ، ئىشخانا پېشايۋىنـى ئـاستىدا
تۇرۇپلا تۈنۈگۈنكى ئىشىدىن دوكلات ئـالدى ۋە يېڭـ
دىن ئىش تاپىلىدى... ئۇنىڭ چىرايىدا بەزىدە خۇشـ
لۇق، بەزىدە جىملىق ۋە بەزىدە ئاچچىقلىنىش ئەكس
ئېتىپ تۇراتتى، ئۇ بىر تال تاماكىنى چېكىپ تۈگەتـ
كەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشى تۈگىيدىغاندەك قىلمايتتى،

ئۇ، ئىشلارنى ئاشۇ تەرتىپتە بېجىرەتتى، دوكلاتلارنى ئاڭلايتتى، خىزمەت تاپىلايتتى، ئۇنى يەنە نۇرغۇن ئىش كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشلار بىر - بىرىسىدىن مۇھىم، بىر - بىرىسىدىن جىددى ئىدى. ئۇ بۇنداق ئىش بېجىرىشكە خېلىدىن بۇيان ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنى قىسرەندىلىك ۋە قورسىقى تارلىقتىن دېگىلى بولمايتتى. شۇنداقلا يەنە مۇتەئەسسىپ، قاتمال باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەينەك قىلىش تۈپەيلىدىن جېنىنى قىيناپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ رېئال ئاساسى بار كونا «ھېكايە» بولۇپ، ئۇنى يېڭىلاش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق «تاقا مىخى» دەك تۇرۇۋېلىپ، قول ئاستىدىكىلەردە جىددىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشىمۇ دەل كونا ھېكايىنى يېڭىلاش يولىدىكى بىر ئىزدىنىش ئىدى. ئۇ گاھىدا بۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ قالاتتى، ھازىر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. نەتىجە ۋە سەۋەبلىك، ئۇتۇق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى جىڭلاپ ھازىرقىسىنىڭ توغرا، مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەتتى...

راست، ياقۇپشۇجى بۇيېزىغا يېڭى كەلگەن ئاشۇ يىللاردا، يېزا قورۇسىدا، كۆپىنچە ئۆزى يالغۇز قالاتتى، گاھىدا ئادەم كۆپىيىپمۇ قالاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاجەتمەن، دەۋاگەرلەر بولۇپ، ھالىغا يېتىدىغان، ئىشلىرىنى ھەل قىلىدىغان مەسئۇل تارماقلار ئايرىم ئىدى، شۇڭا ئۇلارغا ئالدىراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا ئىگە بولىدىغان مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئىگىلىرىنى ھە دېگەندە تېپىشمۇ

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياقۇپ شۇجى سۈرۈشتۈرۈپ بىل-
دىكى، ئۇلارنىڭ «نۇقتىدا» تۇرۇپ ئىشلەيدىغانكەنت،
مەھەللىسى بار ئىكەن، مۇبادا ئۇ كىمدۇر بىرسىنى: «پا-
لانچى بارمۇ؟» ياكى «پوكۇنى قېنى؟» دەپ سوراپ قال-
غۇدەك بولسا، «پالانى يەردە نۇقتىدا» دېگەن جاۋابقا
ئېرىشەلەيتتى، بۇنىڭ نېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ جاۋاب
تېپىش تەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار ئاشۇ
«نۇقتىدا» يوق بولۇپ چىقاتتى. ئۇنداقلارنىڭ ھەم-
مىسىنىڭ تېرىپ باشقۇرىدىغان ئۆزىگە تەۋە نۇرغۇن
يېرى، سەمرىتىپ ساتىدىغان قوي - كالىسى، سودا -
سېتىق قىلىدىغان دۇكىنى بار ئىدى، ئۇلار دائىم
يېزا ئورگىنىغا كەلمەي، نۇقتىغا تېخى بارماي، بار-
سىمۇ كۆرۈنۈپ قويۇپلا قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىشىنىڭ
ھەلەكچىلىكىدە بولاتتى. مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇلار
ئېغىزدا «نۇقتىدا»، پۇل ئالىدىغان، ئىش ھەققىنى
يانچۇققا سالىدىغان چاغدا بولسا يېزا ئورگىنىدا
بولاتتى. ھالبۇكى، ھاجەتمەنلەر ئۇلارغا ھالىنى ئېيت-
ىشقا، ئىشىنى ھەل قىلىشقا پۇرسەت تاپالمايتتى. يا-
قۇپ شۇجى بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى خېلى بىر ۋا-
قىتلارغىچە كۆزەتتى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى
چۈشەندى، بۇ ئىشقا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى
بىلگىنىدە، قاتتىق تىت - تىت بولۇپ، قانداق قى-
لىش ئۈستىدە باش قاتۇردى. كېيىن، بۇ ئىشقا مەخ-
سۇس ۋاقىت ئاجرىتىش، ئەرز - شىكايەتنى ھەل قى-
لىشنى مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇش كېرەك دېگەن
يەرگە كېلىپ، بۇ ئىشنى كۆڭۈل تۆرىگە تۈگۈپ قويدى،

ھازىرچە مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىـ
دى. ياقۇپ شۇجى بىر نەچچە نۆۋەت كەنت، مەھەللە
كادىرلىرى يىغىنى، پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزالىرى يىـ
غىنى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى قاتـ
ناشقان دوكلات ئېلىش، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنـ
لىرىنى چاقىردى، ئەمما تەشكىلىي تۈزۈم بوشىشىپ
كەتكەنلىكتىن، سەھەردە باشلىنىدىغان يىغىننى
چۈشتىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن باشلىنىدىغان يىغىنـ
نى شۇ كۈنى ئاچالماي ئەتىسى ياكى باشقا بىركۈنى
ئېچىشقا توغرا كەلدى.

ياقۇپ شۇجى بۇ ئىشتىن بەكلا جىلە بولغان
بولسىمۇ، لېكىن دەرھال ئىپادە بىلدۈرمىدى، قايـ
ناپ-چېچىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ، پۇرسەت كۈتتى ۋە قانـ
داق قىلىش ئۈستىدە ئويلاندى... ئەلۋەتتە، بۇمۇ باـ
زار ئىگىلىكىنىڭ نۆۋەتتىكى تەسىرى بىلەن پەيدا
بولغان كەيپىيات ئىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان،
ئايرىم جايلاردىكى كىشىلەر بازار ئىگىلىكى بىلەن
شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭدىكى ئايرىم يوچۇقـ
لاردىن پايدىلىنىپ ، شەخسىيەتچىلىك، پۇلـ
پەرەسلىك پاتقىقىغا كىرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن
ئايرىم كادىرلار بايىقىدەك ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بوـ
لۇپ، خەلقنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيىنىڭ خىزمىـ
تىگە سەل قارايدىغان ئەھۋال باش كۆتۈردى. ياقۇپ
جۇمە بۇنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

ياقۇپ شۇجىنىڭ ئۆيى، بالا - چاقىلىرى 23
كىلومېتر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىدا ئىدى. ئۇ،

ئۆيىگە ھەپتىدە بىر قېتىم بارالايتتى، باشقا چاغلار-
دا يېزا ئورگىنىدىكى ياتاقتا يېتىپ - قوپاتتى، ئۇ
كۆپ ھاللاردا، بولۇپمۇ كېچىلىرى ئاشۇ چوڭ قورۇدا
ئۆزى يالغۇز قالاتتى. كەچقۇرۇنلىرى
ئۇنىڭ بازارغا چىققۇسى كەلمەي،
تېلېۋىزورنى ئاچاتتى، بىراق، كۈچەيتىش ئىستان-
سىسى يىراق بولغاچقا، سۈرەتمۇ تازا ياخشى چىق-
مايتتى، گاھىدا ئۇ، ئانتېنناني بۇ يېزىغا بىر قەدەر يې-
قىن كېلىدىغان يەكەن، مەكىت، يېڭىسار ناھىيىلىرى،
مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى تارقاتقان تېلې-
ۋىزىيە نومۇرلىرىغا توغرىلاپ كۆرەتتى، ئۇمۇ ھەمىشە
بولمايتتى، بۇنداق چاغدا رادىئو ئاڭلايتتى، ئۇن-
ئالغۇ قوياتتى، بۇنداق تۇرمۇش بەكلا زېرىكىشلىك
بولاتتى، شوپۇر ئابلىز ئۇنى ئانچە - مۇنچە ئۆز ئۆ-
يىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلاتتى، قوشنىلىرىنى
چاقىرىپ، قارت ئويناشقا تەشكىللەيتتى؛ ياقۇپ شۇ-
جى كېيىنچە، ئۆزىنىڭ بۇ يېزا ئورگىنىغا ھەم قوغداش
خادىمى، ھەم «ئىگىدار» بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.
دەرۋەقە، شۇنچە چوڭ قورۇدا بىرەر قوغداش خادىمى
بولمىسا قانداق بولغىنى!؟...

ياقۇپ جۇمە 1953 - يىلى بۇ يېزىنىڭ قاراتوغ-
راق 3 - كەنت 2 - مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
ئۆز يەر بالىسى ئىدى، شۇڭا ئۇ، ئەمەلدارلىق تا-
جىسى كىيگەندىن بۇيان، بۇ كەنتكە نۇرغۇن قې-
تىم باردى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ
مۇڭداشتى، تونۇش ئېتىز - ئېرىقلارنى كۆزدىن

كۆچۈردى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي كەيپىياتى قاتارلىق ئەھ- ۋاللارنى ئاز - تولا ئۇقتى، ساددا، ئاقكۆڭۈل دېھقان- لار ئۇنىڭغا نېمە بولسا شۇنى تارتىنماي، تەمتىرى- مەي، قالدۇرماي تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇ، بۇ يەردىكى پۇرسەت بىلەن شارائىتنى، كەيپىيات بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى، تۇرمۇش رىتىمىدىكى چېچى- لاڭغۇلۇقنى، كادىرلار بىلەن دېھقانلار ئارىسىدىكى چوڭ پەرقنى، شۇنداقلا مۇۋاپىق، نامۇۋاپىق ئىش- لارنى بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەندى، تېخىمۇ مۇھى- مى، ئىشلەپچىقىرىش زىددىيىتىدىن پەيدا بولغان بىر خىل بۇرۇختۇملۇقنى سېزىپ قايغۇردى.

ئۇ، بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن ھارغىن ھالدا يېزا ئورگى- نىغا قايتىپ كەلسە، بۇ يەرنىڭ يەنىلا چۆلدەرەپ تۇرغىنىنى تۇرغانىدى، ھېچكىم ياتمىغان كېچىلىرى سۈرلۈك تۈس ئالغان بۇ ئورگان قارىماققا ئادەمگە ناھايىتى تىنچ، خاتىرجەمدەك ھېس قىلىناتتى، ئەمما بۇ خاتىر- جەملىكنىڭ ئاستىغا قانداقتۇر بىر ئاپەت يوشۇرۇن- مىغانمىدۇ؟! بۇ يەر شۇنداق «تىنچ» تۇرغان بىلەن جەمئىيەت تىنچ ئەمەس ئىدى، يېزا تەۋەسىدە ئوغ- رىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، زوراۋانلىققا ئوخ- شاش قورقۇنچلۇق ۋەقە، ھادىسىلەر ھە دېگەندە كۆ- رۈلۈپ تۇراۋاتاتتى. بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىش ئىدى...

كېيىنكى كۈنلەردە، ياش يېزا باشلىقى دىلشات سۇلايمان بۇ قورۇدا ئۇنىڭغا بىردىنبىر ھەمراھ بو-

لۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ ئۆيى ناھىيە بازىرىدا بولۇپ،
بۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپ شوجىغا ماسلى-
شىپ، ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ئائىلىسىگە خا-
لىغان چاغدا بارالمايتتى.

ياقۇپ شوجى بارا - بارا يالغۇزلۇققىمۇ كۆنۈپ
قالدى، لېكىن ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بۇ
خىل ھالەتنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن
ئۆزگەرتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئۇ ئايرىم ئىشلاردا كەڭ دائىرىلىك يول قو-
يۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنى سوراشنى
بىلمىگەن ئايرىم كىشىلەر «يول قويغان» لىقىنى باشقى-
چە چۈشىنىپ، بەزى ئىشلارنى تەكرار ئاستىن - ئۈس-
تۈن قىلىۋەتتى، تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، يول قو-
يۇشنىڭمۇ ھەم چېكى بولىدۇ. «ئىشارە» ئاقمىغان يەر-
گە «جۇۋالدۇرۇز» دىن باشقىسى كار قىلمايدۇ. يا-
قۇپ شوجى سەل قورساق كۆپۈكى بولۇپ، زەردىسى قاي-
ناپ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ تىزگىنىنى بەكرەك
تارتىش قارارىغا كەلدى. يېزا - كەنت كادىرلىرى
خەلقنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيىنىڭ بەرگەن ھوقۇ-
قىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، پايدىلىنىدۇ، پۇلىنى ئالى-
دۇ. ئەجەبا، ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ
سەمرىسە بولامدۇ؟! ھەر قانداق ئىش ئۆز يولىدا،
ئۆز لايىقىدا بولغىنى ياخشىغۇ؟!

ئۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ بۇ توغرىدا پىلان تۈزدى، ئار-
قىدىنلا ئۆز پىلانلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېزىغا توغرا
كەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئايرىم پىلانلارنىڭ كۆلكى-

لىك، مەسخىرىلىك بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزدى. چۈنكى ئۇ، بۇ پىلانلارنىڭ بىر قىسىملىرىنى ھېسسىياتتا، بىر قىسىملىرىنى تەسەۋۋۇرغا، بەزىلىرىنى ئۆتكەن زاماندىكى تەجرىبىلىرىگە، يەنە بەزىلىرىنى بولسا، باشقۇرۇش، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا تايىنىپ تۈزگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى، ئاساسى بار ئىدى.

ياقۇپجۇمە 1968- يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر مەزگىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى؛ 1971- يىلى يوپۇرغا ناھىيىسى ئاچقان ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى ۋە تىرىشىپ ئىشلەپ تېز پۈرسەتتىلا كۆزگە كۆرۈندى، 1978- يىلى، ئوقۇش - بىلىم ئاشۇرۇش ئارزۇسىغا يېتىپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. ئىككى يىللىق ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ يوپۇرغا ناھىيىلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1980- يىلىدىن 1981- يىلىغىچە ناھىيىلىك پارتكوم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا، 1984 - يىلىغىچە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىش بېجىرگۈچى بولدى. ئارقىدىن ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا مەيدانىنىڭ باشلىقى، 1989 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق، باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى؛ 1992 - يىلى 9 -

ئايدا تېرىم يېزىلىق پارتكومغا شۇجى بولۇپ كەلدى. بۇلارنى دەپ كەلسە، ئۇنىڭ تارىخىي تولىمۇ قىسقا، بىراق ئۇ، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىشلارنى قىلغان، نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى، شۇنداقلا بۇ جەرياندا نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىر ئۇ سودا - سېتىق قايىمىدىن چىقىپلا يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1 - سېپىگە كىرىپ كەلدى. ئەمدى ئۇ، بۇنىڭغا يارىشا ئىش تۇت-مىسا بولمايدىغانلىقىنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھال-دا تەتقىق قىلمىسا، ئۆگەنمىسە، ئۆزلەشتۈرمىسە، ئىز-چىللاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلاندى. ئۇ، ھەر بىر ئىشنى رېئاللىق ئاساسىغا دەسسەتمىسە بولمايتتى، شۇڭا ئۆزى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان، تېخى يولغا قويمىغان ھېلىقى-دەك چارىلەرنى ئۆزگەرتتى، يولغا قويغانلىرىنى ئە-مەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىش ھەققى بىلەن چې-تىلدۇردى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى، خىزمەت مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆلچەش بىلەن بىرلەشتۈردى، بۇ چارىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، نەقلەش-تۈرۈش، خۇلاسە قىلىشتىمۇ يۈز خاتىرە قىلمىدى. ئۇ، ھەر بىر ئىشنى، چارىنى باشقىلاردىن ئاۋۋال ئۆزى ئىجرا قىلدى، ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، يەنى دۈشەنبە كۈنى يېزا بويىچە كەنت، مەھەللە كادىرلى-رى يېزا ئورگىنىغا كېلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغان، يوقلىمىدىن ئۆتۈپ، خىزمەت تاپشۇرۇۋالىدىغان، دوكلات قىلىدىغان بولۇشتى، نۇقتىغا بارىدىغان ئور-

گان كادىرلىرى ھەر كۈنى سەھەردە يېزىغا كېلىپ ئۆزىنى
مەلۇم قىلىپ، ئىش تاپشۇرۇۋېلىپ ئاندىن خىزمەت ئورنى-
غا بارىدىغان بولدى. گاھىدا ياقۇپشۇجى ئىش ئورۇنلاش-
تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشنى قىلغان- قىلمىغانلىقىنى، نۇق-
تىغا بارغان- بارمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇيۇقسىز-
لا بېرىپ، ساختىپەزلىك، كۆز بويامچىلىق قىلغان-
لار يولۇقسا، ۋاقتىدىلا چارە كۆردى. مۇشۇ جەرياندا
ئايرىم خادىملاردا ئاز بولمىغان سەۋەنلىك كۆرۈلدى،
ئۇ ئۇلارغا قارىتا ئەقىلغا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش
چارىسىنى بەلگىلەپ، چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەردى.
ئايرىم ساختىپەز، يالغانچىلارغا كەسكىن تەدبىر قول-
لاندى، ئايرىملىرىنى سەپتىن چىقاردى. ھالبۇكى،
بۇ ئىككى قۇتۇپ شەكىللەندۈرۈپ، ئايرىم مۇرەككەپ
زىددىيەتلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. ئۆز رايى، ئۆز مەي-
لىگە كۆنۈپ قالغان ئايرىم كىشىلەر بۇ ئىشلارغا چىدىيالماي
قالدى، ئۆسەك گەپلەرنى تارقاتتى، قاپقان قۇرۇپ يا-
قۇپ شۇجىنى ئوڭدا سالماقچىمۇ بولدى، گۇپپاڭچى،
قۇرۇق گەپ پەيدا قىلىپ توشىغۇچى — چېقىمچىلار بىر-
نى ئىككى قىلىپ، دىلشاتسۇلايمان بىلەن ياقۇپشۇجىنى
سوق- سوققا سالماقچى بولۇشتى، ئۇلار: ھەممە ھوقۇقنى
ياقۇپ شۇجى ئىگىلىۋالدى، دىلشاتنى كۆزگە ئىلمىدى،
ئىش بەرمىدى، دەپ داۋراڭ سالدى، ياقۇپ شۇجى ھەم-
مىنى ئاڭلىدى، ئەمما مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ يۈرۈ-
ۋەردى، ئۇ «دىلشات ياش، ئىقتىدارى بار، ئەمما يې-
زىدا ئىشلەش تەجرىبىسى كەمچىل، ئۇ ھامان ياخ-
شى كادىر، ياخشى رەھبەر بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ،

هامان ھەممىنى چۈشىنىدۇ، يالغان گەپلەرگە ئىشەنـ
مەيدۇ» دەپ ئويلايتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.
دىلشات، ياقۇپ شۈجىنىڭ يېزا ئورگىنىدا، يېزىدا ئېـ
لىپ بارغان بىر قاتار ئىسلاھات، تەرتىپكە سېلىش
خىزمەتلىرىگە ئىزچىل قول - قانات بولدى. بايىقى
ئىشلار ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۇ
ياقۇپ شۈجى قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى بىۋاسىـ
تە بېجىرىپ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى قوغداپ قالدى.

كىشىلەر تېرىم يېزىسىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاـ
بى» دىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق داۋالغۇش،
ئۆزگىرىش، تەرتىپ يېڭىلىنىشنى كۆرگەندەك بولدى،
خۇددى تىنچ كۆل سۈيى بىردىنلا داۋالغۇپ، قىرغاقلارـ
غا ئۇرۇلغاندەك، شاۋقۇن سالغاندەك بولدى. كىشىلەر
كۆزىنى يوغانىراق ئاچتى، بېشىنى بەكرەك سىلكىدى،
ئايىغىنى ئىتتىك، قۇلىقىنى سەگەك قىلدى. يېزا ئورگىنىـ
دا نۇرغۇن ئىش ئۆز يولىدا ئاقتى. ئادەم دېسە بار بولدى،
نېمە ئىش يۈز بەرمىسۇن، ئىگە بولىدىغان ئادەم چىـ
قىدىغان، دېگەن ھامان ھازىر بولىدىغان بولدى.

يېزا ئورگىنىدا قوغداش، دىجورنىلىق قىلىش
تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېزىلىق پەيچۇسو ئاساس قىـ
لىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىش رەھـ
بەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ۋە بۇ كەنت، مەھەلـ
لىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئامانلىقنى كاـ
پالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ھېلىـ
قىدەك قالايمىقانچىلىق چىقىرىدىغان نوچىلاردىن بىر
قانچىسىنىڭ نۇخىنىسى ئېلىندى. جەمئىيەت باراـ

بارا ياخشٮلاندى. كٮشٮلەر يېڭٮچە بٮر مۇھٮتنى كۆرگەندەك
بولدى. ياقۇپشۇجى بٮر مەزگٮل ھەر پەيشەنبە كۈنى
بولٮدٮغان يېزا بازٮرٮدا ئۆزى باشلامچى بولۇپ تەر-
تٮپ ساقلٮدى، رەھبەرلٮك قٮلدى، مۇھٮم كۈنلەردە
يېزا ئورگٮنٮغا ئۆزى دٮجورنٮلٮك قٮلدى.

× ×

— ياقۇپشۇجى ماڭامدۇق، — دېدى ئابلٮز ئۇنٮڭ
ئالدٮغا كېلٮپ.
— ماڭساق ماڭدۇق، — دېدى ياقۇپ شۇجى پې-
شايۋان سۇپٮسٮدٮن پەسكە چۈشۈپ.
شۇ چاغدا ئۇلار تەرەپكە ئالدٮراپ كېتٮۋاتقان
بٮرسى ياقۇپ شۇجٮنى توۋلٮدى. ئابلٮز:
— كېپٮڭٮنى كېيٮن قٮلساڭمۇ بولامدۇ. قانداق؟ —
دېدى چاقچاق ئارٮلاش ھېلٮقى كٮشٮگە، ياقۇپ شۇجى
توختاپ:
— ھە، نېمە گەپتى؟ — دېدى ئۇنٮڭغا.
— بولدى، كەنتكە بېرٮپ كەلسٮلە، ئاندٮن دې-
سەممۇ بولٮدۇ.
— ھەي يېزا ئٮگٮلٮكى، ھەي يېزا ئٮگٮلٮكى، —
دېدٮم مەن بايامقى ئٮشلارنى خۇلاسٮلٮغاندەك.
— شۇنداق يېزا دېگەن مۇشۇنداق يەر، سٮلەر شەھەر-
لٮكلەر بۇ يەرگە ھەرگٮز كۆنەلمەيسٮلەر، يېزا دېگەندە
قٮلسا قٮلسا ئٮش، گەپ تۈگٮمەيدۇ. تۈگٮمٮسٮمۇ قٮلمٮ-
ساق، ئٮشلٮگٮلى بولمايدۇ. ئٮشلٮمٮسەك-قٮلمٮساق
بولمايدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇشۇ يەردٮكى ئٮشلار-
نٮڭ ھەممٮسٮنى قٮلمٮساق بولمايدۇ، — دېدى ياقۇپ
شۇجى كۈلۈپ كېتٮپ.

ماشىنا تېز قوزغىلىپ، توپىلىق يولداقو-
يۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ غەرب تەرەپكە ئۇچقاندەك
ماڭدى. ياقۇپ شۇجى قۇرۇق پاراڭدىن كۆرە يەنە شۇ
ئۇ يەردىكى كېۋەز ئېتىزى، بۇ يەردىكى بۇغداي ئې-
تىزىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇردى...

ماشىنا بەش - ئالتە كىلومېتىر
يول يۈرگەندىن كېيىن كولدۇ مەھەللىسى 2 - كەنت
تەۋەسىگە يېتىپ باردى. دەل شۇ چاغدا يولدا «پاقىل-
داپ» كېتىۋاتقان بىر روللۇق كىچىك تراكتور ئۇچرى-
دى. ئۇنىڭ كوزۇپىدا بىر ئەر موكچىيىپ
ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى توپىغا كۆمۈلۈپ چىققاندەك،
ئۈستىبېشلىرىنى توپا - چاڭ ئوراپ ئالغانىدى، دە-
ماللىققا كىملىكىنى تونىغىلى بولمايتتى، ماشىنا تراك-
تورنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ياقۇپ شۇجى:

— ۋاي ئەكرەمكەنغۇ بۇ؟ ئابلىز توختاڭ،- دېدى.

ماشىنا توختىدى، ياقۇپ شۇجى ماشىنىدىن چۈشۈپ،
تراكتورنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. تراكتورمۇ توختىدى،
ئەكرەم تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈپ، 1- كەنتكە ماڭ-
غانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن ئارقاڭلاردىن
يېتىپ بارىمەن، — دېدى.

ياقۇپ شۇجى تراكتورنى ماڭغۇزۇۋەتتى ۋە ماشىنا
ئىچىدىكىلەرنى ئۆزرىلىك هالدا قىستىلىپ ئولتۇرۇش-
قا دەۋەت قىلدى، ماشىنا يەنە قوزغالدى.

— هەي، بولسا ئاساسىي قاتلامغا نۇقتىغا بارى-
دىغان كادىرلىرىمىزنىڭ قاتناش، يېتىپ - قوپۇشىغا

ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرسەك بولاتتى، — دېدى
ياقۇپ شۇجى خىجىللىق ئىچىدە، — نۆۋەتتە تۇرىدىغان
كادىرلىرىمىز ھەممىشە مۇشۇنداق چاپالىق خىزمەت
قىلىدۇ. باشقا ئامال يوق، ۋېلىسىپىت بىلەن كېلىشكە
ئارىلىق يىراق. مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىش
ئىمكانىيىتى يوق... ھەي ... يېزىدا بۇنداق ئىشنى قىلىش
ھەقىقەتەن تەس، قانداق قىلساق مۇشۇنداق ئىشلارنى
تۈگىتەرمىز، ياخشىلارمىز دەپ كۆپ باش قاتۇرۇپ باقـ
تىم، پۇل بىلەن بىر ئىش قىلالايلى دېسەك، زاپاس پۇل
يوق، يەنە دېھقانلاردىن سېلىق قىلىپ يىغساق بولىـ
دىكەن، دېھقانلاردىن يىغساق، ئۇلارنىڭ يۈكى بەك
ئېغىرلىشىپ كېتىدىكەن. نۆۋەتتە تۇرىدىغان كادىرلارـ
نى ئۆز ئورنى، ئۆز مەھەللىسىدىن قىلساق، ئىش
پەقەت ئاقمايدىكەن ياكى ئۇ ئادەم شۇ يەردىكى ئاـ
دەملەرگە يۈز - خاتىرە قىلىپ قالىدىكەن ۋە ياكى ئۆـ
زىنىڭ شەخسىي ئىشىنى قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ،
ھۆكۈمەت ئىشى ئاقمايدىكەن، ھەممىسىمۇ ئۇنداق ئەـ
مەس، لېكىن ھەقىقىي ئاڭلىق ئادەم بەك ئاز، ئىخـ
تىساسلىق ئادەملەر يوق، ئەسلىدە بۇ ئىشقىمۇ ئىخـ
تىساسلىق ئادەم بولسا بەك ياخشى بولاتتى، بۇ
جەھەتتە تەربىيىلەش، يېتەكلەش ئېلىپ باردۇق، سىـ
تېمىلىق، ئەترەپلىق ئىشلەشكە پۇرسەت بولمىغاچقا،
ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ. كۆپلىگەن كادىرـ
لىرىمىز پېشقەدەم، كۆز قارىشى كونا، بىر - يېڭى
شەيئىنى تونۇش - بىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى
تۆۋەن. ياشلارنى تەربىيىلەۋاتىمىز، ئەمما ھازىرچە

ئۇنۇمى بولمايۋاتىدۇ، چۈنكى ھازىرقى ياشلار مىجەزى بەك ئىتتىك، ھېسسىياتچان، ئالدىراڭغۇ، توختىلغۇسى يوق بولىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ھازىرقى زامان دېھقانلىرىغا تازا كۆڭۈل دىكىدەك ياخشى تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدىكەن، بەزى دېھقانلارنى دېمەيلا قويۇڭ، ۋاي - ۋاي، شۇڭا دېھقان بولغان ئىكەنسەن دەپمۇ قالىمەن گاھىدا، جاھىللىقى، مۇتەئەسسىپلىكى كارامەت، تەربىيە - تەنقىد يېمەيدۇ، مۇتىھەم، تەلۋىلىكچۇ تېخى! ئېسىت دەيمەن، بەزى كادىرلىرىمىز ئۇلارنىڭ دەستىدىن ھەممىدىن ۋاز كېچىدۇ. لېكىن نېمە ئامال؟شۇنىڭغا يارىشا ئىش قىلمىسا قىمۇ بولمايدۇ، گاھىدا ئۇلارغا بىز بويسۇنمىساقمۇ بولمايدۇ، گاھىدا ئۇلارنى بىز چوقۇم بويسۇندۇرمىساقمۇ بولمايدۇ...كادىرلىرىمىزغىمۇ ئامال يوق، قانداق قىلاتتۇق، ھۆكۈمەت قىل دېگەننى قىلمىساق بولمايدۇ...

ياقۇپ شۇجىنىڭ بۇ جەھەتتە نۇرغۇن كەچۈرمىشى ۋە تەسىراتى بار ئىدى. ئۇ ئاساسي قاتلامدا ئىشلەش جەريانىدا يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ نۇرغۇن جەبىر- جاپاسى ۋە ئازابلىرى بارلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلغان ۋە چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى.كادىرلار«ياقۇپ شۇجى كەلگەندىن كېيىن جاپاغا قالدۇق، ئىلگىرىكىدەك خالىساق ئىشلەيدىغان ئىش چۈش بولۇپ قالدى»دېيىشتى؛

ياقۇپشۇجىدا بولسا ئۇلارغا قارىتا بىرخىل كۆيۈنۈش
تۇيغۇسى تىكلەندى. گەرچە ئۇ يېڭىدىن كېلىپ كادىر-
لارنىڭ تىزگىنىنى ھېلىقىدەك تارتىپ، غەزەپلىنىپ
كەتكەن ۋە ئۆچلۈك تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويغان
بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ قەلب ئاراچ-
لىرىدىن سىرغىپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئور-
نىنى بولسا، كۆيۈنۈش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇ-
سىغا تولغان قوللاش، ياردەم بېرىش تۇيغۇسى ئىگى-
لىدى. بۇ جەرياندا ئۇ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ،
يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرىنى
قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن كادىرلار قوشۇنى جانلاندى ۋە
ياخشىلاندى . كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك
ئىشلەپ، ياقۇپ شۇجىنى قوللاپ، ئۇنىڭ شان - شەرەپ
قازىنىشى، نەتىجە يارىتىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولدى.
بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېلىقىدەك غەيرى قاراش-
لارنى سۈپۈرۈپ باردى، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇغۇلۇپ
خىزمەتتىكى كاۋاكلار، يوچۇقلار ئېتىلگەندەك بولدى،
پەرقلەر بارا - بارا كىچىكلىگەندەك قىلدى، يېزا
خىزمىتى ناھىيە بويىچە باھالاشتا بولسۇن ياكى ۋىلايەت
بويىچە كۆزدىن كۆچۈرۈشتە بولسۇن، ئالدىنقى قاتارغا
تىزىلدى. ناھىيىنىڭ ئەتىيازلىق، يازلىق، كۈزلۈك،
تېرىش - يىغىش ئىشلەپچىقىرىشلىرىنىڭ ھەممىسى
ئالدى بىلەن بۇ يېزىدا نەقمەيدان قىلىنىدىغان، بۇ
يېزىدىن ئۆگىنىش سەپەرۋەر قىلىنىدىغان بولدى،
شۇنداقلا ناھىيە خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ-

چىقىرىشىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۇرتكە بولىدىغان بولدى، بۇنداق نەتىجىلەرنى ئۇنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتقانلىقىدىن ئايرىپقارىغىلى بولمايتتى. ئۇ يەنە، كادىرلار بىلەن كادىرلار، ئامما بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىنى، چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ياقۇپ شۇجىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈۋرۈك بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز ئارا قوللاش، ماسلىشىش بولمىسا ياخشى نەتىجە قازىنىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 4

— ئەكرەم، قايسى كېۋەزلىككە بارىمىز، — دېدى ياقۇپ شۇجى قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان مەھەللە يولىغا كىرگەندىن كېيىن.

— ئالدىمىزدىكى كېۋەزلىكنى كۆرۈپ كېلەيلى، ئۆتكەندە سىلى نۇقتىلىق باشقۇرۇشنى تاپىلىغان كېۋەزلەرنى كۆرسەك، — دېدى ئەكرەم، — ئاساسەن شۇ كېۋەزلەر ياخشىلانسا، قالغان كېۋەزلەردە چاتاق يوق، بەك ئوبدان.

ماشىنا ئۇ كۆرسەتكەن كېۋەزلىك بويىدا توختىدى. بۇ يەردىكى ئۆستەڭدە لىققىدە دوغاپ سۇ لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتاتتى. كۈۋرۈك يوق ئىدى. شۇڭا بىز كېۋەزلىككە ئۆتەلمەي ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ ئېرىق بويلاپ كۆردۇق. بۇ يەردىكى كېۋەزلەر قويۇق، يوپۇرماقلىرى قارامتۇل، بويى ئوتتۇرىھال

ئۆسكەنىدى. ھەر خىل رەڭدە ئېچىلغان چېچەكلەرى كېۋەز شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— زىرائەت پەرۋىش قىلغاننى بەك بىلىدۇ — دېدى ياقۇپ شۇجى سۆيۈنۈپ، — قاراپ تۇرۇپ شۇنچە كېۋەزنى پەرۋىش قىلماي، بولۇشىغا قويۇپ بەرگىلى تاس قالدىڭلار، ئەكىرىماخۇن، تېرىغان ئىككەنمىز پەرۋىش قىلىش كېرەك. پەرۋىشىنى كۈچەيتىڭلار دېگىنىمىگە 15 كۈن بولدىما؟

— شۇنداق.

— مانا، كېۋەز ئەمدى كېۋەزدەك بوپتۇ، كۆيۈنۈپ قىلسا، ھەر قانداق ئىش نەتىجىسىز قالمايدۇ.

بىز ماشىنىغا چىقىپ كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئوبۇل خۇدا بەردىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ باردۇق. چوڭ دەرۋازىسى يولغا قاراپ تۇرغان ئۆيدىن بىر بالا چىقىپ، دادىسىنىڭ خامانغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ئەكرەم: «خامىنى ئاۋۇ تەرەپتە ئىدى» دېگىنىچە شۇ تەرەپكە پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى، ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئاياغلىرى سۇ - لايغا مىلەنگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئارقىدىن سېكرېتارمۇ يېتىپ كەلدى ۋە ھەممەيلەننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، تالاش- تارتىشلاردىن كېيىن ئاخىرى بىرەر تىلىمىدىن قوغۇن يەپ ماڭماقچى بولدۇق.

— قوغۇنغا كېسەل تېگىپ يامان بولدى، — دېدى سېكرېتار خۇرسىنىپ، — خەق بۇنى تەكلىماكاندا سىناق قىلغان ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرى دەيدىكەن، راستمۇ- يالغان ئۇقمىدۇق، قوغۇن ئومۇميۈزلۈك پى-

لىكى قۇرۇپ ۋەيران بولۇپ كەتتى، ئۇلاغ بـاقتـۇق،
ئاتام زاماندىن بۇنداق ئىشنى كۆرمەپتىكەنمىز، بۇنى
پەيزاۋاتتا ئىنقىلاپ، قوغۇن يىلتىز چىرىش كېسىلـى
دەپ هۆكۈم قىپتۇ. بىزدىلا ئەمەس، ۋىلايەتنىڭ هـەمـ
مىلا جايلىرىدا شۇنداق بوپتۇ. باشقا ۋىلايەتلەردىمۇ
بولغانىمىش. قوغۇن تېرىغان دېهقانلارغا بەك ئۇۋال بو-
لۇپ كەتتى. مەنمۇ هەر يىلى بىر-ئىككى مىڭ يۈەنگە قو-
غۇن ساتاتتىم. بۇيىل هېچنەرسە يوق. قوغۇن تېرىـپ
جان باقىدىغان بىرنەچچە ئائىلـىمىز بـارتـى، ئۇلار
قاتتىق زىيان تارتتى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى قانـداق
قىلساق بولار، قاراپ تۇرساق بولمايدۇ.

— بەك قىيىنلىپ قالغۇدەك بولسا، پاراۋانلىق
فوندىدىن بىر ئامال قىلساڭلار بولار. كەنتكە تېـرىـ
غان بۇغداينى قانداق قىلدىڭلار؟— دەپ سورىدى يا-
قۇپ شۇجى.

— تېخى دەسسەتمىدۇق. 40 نەچچە مو يەرگە تېـ
رىغان بۇغداينىڭ هەممىسى بەك ئۇخشىدى. خېرىـدار
چىقسىپ قالسا 25 مىڭ يۈەنگە ساتايلىمىكىن دەۋاتىمىز.
كەنتنىڭ باشقا سەرمايىسىمۇ كۆپ ئەمەس. سېـتىـپ
پۇل قىلىپ قويۇپ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان دېـهقـانـ
لارغا بېرىپ يۆلەپ تۇرساق، دېگەن ئويدا بولۇۋاتىمەن.

— شەهەرگە بارماي، مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقـان
ئۇخشىمامىلا، سېكرىتار، —دەپ سوراپ قالدى ئارىمىز-
دىن بىرەيلەن، —ئۆيىنى شەهەرگە يۆتكەپ ئەكىتىپتۇ،
دەپ ئاڭلىغان.

— ئـۇغـۇ شـۇنـداق بـولـغـان، — دېدى
سېـكـرىتـار ئـېـغـىـر بېـسـىـقـلـىق بىلەن، —

لېكىن، مەن شەھەرگە بېرىۋالغان بىلەن بۇ يەردىكى ئىش ئاقمايدىكەن، پېنسىيىگە چىققاي دېسەم رۇخسەت قىلىنىشمىدىلا، بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا سېكرېتارلىقىمۇ بىر زامان ئاسان بولغانىدى، كەلگەندە كېلىپ، كەتكەندە كېتىپ، پادىشاھتەك دەۋران سۈرۈپ ياشىغان، دوكلاتقىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتكەن، پالانى كۈنى يېزىدا يىغىن- مەجلىس بار دېسە، چوقۇم خەۋەر تاپاتتىم - دە، ئۇدۇل قەشقەردىن يېزىغا باراتتىم. كەتتىكى ئىشلارنى «دوكلات» قىلاتتىم. ئاندىن يوليورۇق ئېلىپ، يەنە قەشقەرگە چاپاتتىم، مۆرىتى كەلسە نېمە ئىش بولدى، نېمە ئىش قىلدى دەپ، كەنت باشلىقىدىن سوراپ قوياتتىم، چۈنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى قىلغان يەردە شۇ كەنت باشلىقىمۇ بولىدۇ. مەن بولمىغاندىن كېيىن، ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەپ تۇرمامدۇ، ئۇمۇ: دەۋران سۈرۈۋالدىم، دەپ بۇ ئىشىمدىن خۇش، ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى دەپ مەنمۇ ئۇنىڭدىن خۇش، دوكلاتىمدىن يېزا رازى، دېھقانلار مېنى: ئوبدان، كەڭقورساق، دەپ خۇش. بۇمۇ بولىدىغان ئوبدان كوچا ئىدى. بىراق ياقۇپ شۇجى زامانىسىغا كەلگەندە بۇ ئىشلىرىمىز ئاقماس بولۇپ قالدى، بىر قانچە قېتىم دوكلات قىلىپمۇ كېتىپ قالدىم. لېكىن «تۇتۇلۇپ» قالدىم. دوكلاتنى ئېلىپ ئارقامدىنلا تاپ باستۇرۇپ كېلىپ، ئادەمنى رەسۋا قىلىدىغان ئادەمكەن بۇ! شۇڭا زە، كۆچۈرۈپ كېتىپ بولغان ئۆينى يەنە قايتۇرۇپ ئەكەلدىم. ھازىر ئەمدى قىلغان ئىشنى دوكلات قىلىپ، قىلمىغان

ئىشنى قىلىپ بولۇپ راستىنى، يالغاننى يالغان دەپ جاھان سازلىق قىلىۋاتىمىز. ياقۇپ شۇجىنىڭ ۋاقتىدا ئەمدى ئىشلىمىسەك بولمايدىكەن، ئەڭ مۇھىمى بۇ ئادەم ئۆزى ئىشلەيدىكەن. بۇ ئادەمجان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتسا، ئادەم ئىشلىمەيمەن دېيىشكە يۈزى قىزىرىدىكەن، ۋىجدانى قويمايدىكەن. ياقۇپ شۇجى ئالدىمىدا تۇرۇپتۇ، چاپانچىلىق قىلىپ ماختىغىنىم ئەمەس، ئىشلىگەنىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدىكەن، مەنمۇ ئىلگىرى بۇنى ئانچە ھېس قىلمايتتىم، ھازىر ھېس قىلىۋاتىمەن، دېھقان دېگەن ئىشلىگەنىنى، كۆيۈنگەنىنى بىلىدىغان خەق ئىكەن، مەنمۇ دېھقان ئۈچۈن ئىشلەشنى ئەمدىلەتىن ياقۇپ شۇجىدىن ئۆگەندىم، ماۋۇ راست گەپ، مېنى يامان كۆرىدىغان ئادەملەردىن سوراپ باقساڭلار بولىدۇ، نەقمەيدان يىغىنلىرىدا دەپ قالىمىز، باشقا كەنتنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ: ئىلگىرى ئىشلەپ باقماپتىكەنمىز، ئىشلەشنى ئەمدى بىلىۋاتىمىز، ئەمەلدارلىقنى ياقۇپ شۇجىنىڭ ۋاقتىدا قىلىۋالايلى دەيدۇ، دېھقانلارمۇ ياقۇپ شۇجى بارچاغدا ئۆلمەي ياشىۋالايلى، ياقۇپ شۇجىمۇ بىز ئۆلگەندىن كېيىن نەگە كەتسە مەيلىتى دەۋاتىدۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئىشلىدۇق دېگەن بىلەن قارىغۇلارچە ئىشلىگەن، ئۈنۈمى يوق ئەمگەك ئىدى، ھازىر قىلسى ھەم ئىلمىي، ھەم ئۈنۈمى بار ئەمگەك.

— بىزنى ھۆكۈمەت ئىشلەيدۇ ، دەپ ئەۋەتكەنىكەن، ئىشلىمىسەك بولمايدۇ، مۇھىمى بىز دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان ئاش - ناننى يەۋاتىمىز. شۇڭا

بىز شۇنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق جاۋاب بەرمىسەك بول-
مايدۇ. ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈپ ھارام تاماق قىلىق
قىلغانلىقنىڭ ئەھمىيىتى يوق، ھاياتنىڭ قىممىتى بول-
مايدۇ، — دېدى ياقۇپ شۇجى سېكرېتارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ بولۇپ، — مەنمۇ ئىشلىسەم، سىزمۇ ئىشلىسى-
ڭىز، باشقىلارمۇ ئىشلىسە ياخشى بولىدىغان گەپ!

شۇ چاغدا سورۇنغا 50—55 ياشلار چامىسىدىكى
بىر مويسىپىت دېھقان كىرىپ كەلدى. ياقۇپ شۇجى
ئۇنىڭدىن قىزغىن ھال - ئەھۋال سورىدى. ئۇ يۈكۈ-
نۈپ ئولتۇرۇپ، قولىغا بىر تال ئىم قوغۇننى ئېلىپ
يېگەچ، تارتىنىپراق سۆزگە كىرىشتى:

— ئەمدى، ياقۇپ شۇجى، مېنىڭ بىر ئۆتىنىم بار،
بۇ گەپنى ماۋۇ سېكرېتارغا بىر قانچە قېتىم دېدىم،
سىلىنى بىر قانچە قېتىم ئىزدەپ يېزىغا بارسام، سىلى
دائىم كەنتلەرگە كەتكەندە بېرىپ قالدىم، سىلى شۇجى
بولغان بىلەن دېھقانغا ئوخشاش مىجەزلىرى بار ئىكەن...
ئىشخانىدا بىردەم ئولتۇرمايدىكەنلا... مېنىڭ
بىر پارتىيىلىك ئىشىم بار ئىدى، مەن مەدەنىيەت
ئىنقىلابىدا بىر مەزگىل كەنت باشلىقى بولغانىدىم،
تازا كۆچەپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەنىدىم.
ئويلىسام دېھقانغا يامانلىق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن.
شۇ چاغدا پارتىيىگە كىرىپ كانىدىدات پارتىيە ئەزا-
سى بولدۇم، رەسمىيلەشتىدىغان چاغدا بىرسى ئۇنى دەپ،
بىرسى بۇنى دەپ، بۇ ئىش ۋاقتىدا رەسمىيلەشتۈرۈلمىدى،
ئارقىغا سۆرۈلۈپ قېلىۋەردى. قايسىبىر يىلى خىز-
مەت ئەترىتى كېلىپ، مېنى ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىگە

ئەترەت باشلٮقى بولۇپ تۇرۇڭ دېدى، مەن ماقۇل
بولدۇم، پارتٮيەلٮك ئٮشٮم شۇنٮڭ بٮلەن بٮر مەز-
گٮل تاشلٮنٮپ قالدى، مەن بەدەل پۇلٮنى تۆلەۋەر-
دٮم، كېيٮن قايسٮدۇر بٮرسى تەشكٮلگە، كانٮدٮدا تٮلٮق-
تا تۇرۇۋەرگەن بٮلەن بولمايدۇ. رەسمٮيلەشتۈرۈشكە
شۇ چاغدٮكى تەشكٮل قوشۇلمٮغانٮكەن، بٮرەر سەۋەب
بولمٮسا رەسمٮيلەشتۈرەتتى، بٮز رەسمٮيلەشتۈرەيلى
دېسەك، ئٮلگٮرٮكى ئٮشنى ئۇقمايدٮكەنمٮز، شۇڭا بە-
دەل پۇلٮنى ئالمٮساڭلارمۇ بولار، پارتٮيەلٮك ئٮشى
توختاپ تۇرسۇن دەپتۇدەك، شۇنٮڭ بٮلەن بۇ ئٮشٮم
سۇغا چٮلاشتى. بۇ ئٮشنٮڭ ئارقٮسٮغا كٮرٮپ، ئۇنٮڭ
يېنٮغا بارسام، پالانى بٮلٮدۇ دەيدۇ، پالانٮنٮڭ يېنٮغا
بارسام، ياق، مەن ئۇقمايمەن، پالانى ئۇقٮدۇ دەيدۇ،
ئۇنٮڭ يېنٮغا بارسام، ياق، مەن قٮلالمٮغۇدەكمەن،
پالانى قٮلٮدۇ، دەيدۇ... شۇنداق قٮلٮپ، ئەمدى يا-
قۇپ شۇجى، قٮسقا گەپ قٮلسام، مېنٮڭ پارتٮيەلٮك
ئٮشٮم ھەل بولسا ئٮكەن! ئەگەر قايتٮدٮن پارتٮيەگە
كٮرٮدٮغان ئٮش بولسٮمۇ مەيلى، مېنى پارتٮيەگە
قوبۇل قٮلٮشقا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرسٮلە، مەن يې-
ڭٮباشتٮن شەرت ھازٮرلٮسام! سٮلە كەلگەندٮن بۇيان
پارتٮيە ئەزالٮرٮنٮڭ ئٮناۋٮتى تازا ئۆستى. ئٮلگٮرى
بٮر مەزگٮل پارتٮيە ئەزالٮرى تاشلٮنٮپ قالغان،
مېنٮڭ ئٮچٮمنٮڭ تٮت - تٮت بولغان يېرٮمۇ شۇ. مەن
ھازٮر يېزٮمٮزدا پارتٮيە ئەزالٮرٮنٮڭ يەنە بٮر قې-
تٮم ئوبدان ئٮشلەش مەزگٮلى كەلدى دەپ سۆيۈ-
نٮمەن...

— بۇ ئارزۇيىڭىز ھەقىيقەتەن قەدىرلەشكە
لايىق ئىكەن، — دېدى ياقۇپ شۇجى، — يېزىمىزدا
سىزگە ئوخشاش ئەھۋالغا يولۇققان پارتىيە
ئەزالىرىدىن خېلى بار ئىكەن. شۇ چاغدا كىم شۇنداق
«سول»لۇق قىلغان بىلمەيمەن، تازا توغرا قىلمىغاندەك
قىلىدۇ. باشقىلارغىمۇ شۇنداق دېدىم. بۇ ئىشنى بىز بىر
مەۋقەگە كېلىپ ئويلىشىپ ياكى قايتىدىن تەربىيە-
لەپ پارتىيىگە قوبۇل قىلايلى (ھازىرمۇ يېزىمىزدا
92 ئاكتىپ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تەربىيىلىنىش دەرسى-
گە قاتنىشىۋاتىدۇ) ۋە ياكى بىز ئۆتكەنكىنى ئاساس
قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرەيلى، دېگەن يەرگە تېخى
كەلمىدۇق، مەن پارتكوم يىغىنىدا بۇ مەسىلىگە
قارىتا ئېنىق بىر بەلگىلىمە چىقارساقمىكىن دېگەن
نىيەتتە بولۇۋاتىمەن، سىز ھازىرچە كۆڭلىڭىزنى يې-
رىم قىلماي تۇرۇڭ.

ھېلىقى دېھقان ياخشى كۆڭلى ۋە ئارزۇسىنى ئۇ-
زاقتىن - ئۇزاق چۈشەندۈردى. بۇ ئادەم ھەر قانچە
قىلغان بىلەنمۇ بۇ نىيىتىدىن يانىدىغاندەك، سوۋۇپ
قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا
ئاشۇرمىسا، ئۆلۈپ كەتسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدىغاندەك
قىلاتتى.

ياقۇپ شۇجىمۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن تەسىرلەن-
دى، ھاياجانلاندى. ئۇنىڭدىكى قەلب — ھەقىقىي كوممۇ-
نىستنىڭ قەلبى ئىدى. ياقۇپ شۇجى بۇ ئىشقا ئەس-
تايىدىل مۇئامىلە قىلدى ۋە ھەل قىلىشقا ئىپادە بىل-
دۈرۈپ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. ئەل-

ۋەتتە، بۇنداق بولۇشىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى. سۇب-
يېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئار-
زۇسى ئىلگىرىدىنلا بار بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە ئىش-
قا ئاشمىغىنىدىن ئازابلىناتتى. باشقىلار ئالدىدا
ئۆزىنى ئەيىبلىك ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قى-
لاتتى. شۇڭا ئۇ پارتىيىگە كىرىپ، ئاشۇ داغنى يۇيۇپ، ئۆزى-
نىڭ پاكلىقى ۋە ئەرلىكىنى نامايان قىلىشنى ئويلايتتى.
ئۇ سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، پارتىيە ئەزالىرىغا
بولغان تونۇش يېزا بويىچە ئومۇميۈزلۈك يېڭىلاندى،
ئۇلارنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئابرويى ئۆستى، قەددى كۆتۈ-
رۈلدى. بولۇپمۇ ياقۇپ شۇجى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن
پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە خىزمىتىنى نۇقتىلىق
تۇتتى ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ئەتراپلىق باشقۇردى، پار-
تىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىش قاتارىغا
كىرگۈزۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆگىنىش، تەربىيى-
لىنىش، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باھالاش ۋە پارتىيە
نىزامنامىسىغا ئۆزلىرىنى تەدبىقلاشقا ئۇيۇشتۇردى،
ئامما ئارىسىدا ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق، باشلامچى
بولۇش، ھەممىدە ئاممىنى كۆزلەش، شەخسىيەتچىلىك
قىلماسلىق، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ئۆز خاھىشى
بويىچە ئىش قىلماسلىق، قائىدە - تۈزۈمگە بويسۇ-
نۇش، بىيۇروكراتلىق قىلماسلىق قاتارلىق بىر قاتار
رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ
يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پېنسىيىگە
چىققان، ئەمگەك كۈچىدىن قالغان پارتىيە ئەزالىرى-
غا ھەر ئايدا جامائەت فوندىدىن مەلۇم مىقداردا پۇل

ئاجرىتىپ، ئىشتىن قىلىش پۇلى بەردى، ئالـەمدىـن ئۆتسە نەپىـقە پۇلى بەردى. تەزدىيە يىغىنى ئـۆتـكۈـزۈپ، ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ئىش ئامما ئارىسىدا يۇقىرى داغدۇغا قوزغىدى ۋە قوللاشقا ئېرىشتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەر يىلى 100 نەچچە ئادەمنى يېڭىدىن پارتىيە قويىنىغا جەلپ قىلدى. ھەر قايسى تـارمـاقـلاردا يەنە پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە قـۇرۇلـۇشى خىزمـىتى ئۈچۈن ئاز بولمىغان خىـزمەتلەر ئىشلەنـدى. بىر قانچە يىل جەريانىدا ياقۇپ شۇجـى ئـۆزى قول سېلىپ 64 قارار كۇرس ئېچىپ دەرس ئـۆتۈپ، 13 مىڭ 814 ئادەم - قېتىمنى پارتىيە بىلىملىرى، سىياسىي نەزەرىيە، باشقۇرۇش ئىلمى قاتارلىق بـىلىمـلەر بىلەن تەربىيىلەپ چىقتى. شۇڭا يېزا ئـۇدا بـىر قانچە يىل ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇـشى خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ مۇكاپاتلاندى ۋە تـەجرىبـە تـونـۇشـتۇردى.

5

سېكرېتارنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ، ئىشىك ئالدىغا چىققىنىمىزدا، ئېشەكھارۋىسىغا بىر نەچچە خالتا بۇغـداي باسقان بىر كىشى يېتىپ كەلدى. ھېلىقى ئـادەم ئېشەك ھارۋىسىنى بىر چەتكە تارتىپ قويدى ۋە بـىز بىلەن سالاملاشتى.

— ھە، ئاداش نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلە؟ — دېدى ياقۇپ شۇجى ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش.

— تەتىل قىلغانتۇق، ئـازراق بۇغدايبار ئىدى، شۇنى ئادالاپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

— تېرىغان بۇغداي قانچىلىك؟

— ئۈچ مو كېلەرمىكىن.

— قانچىلىك ھوسۇل چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ؟

— ھازىر تەييار بولغىنى مۇشۇ ئالتە خالتا، يەنە 8—10 خالتا چىقارمىكىن.

— شۇنداق بولغاندا ھەر مودىن قانچىلىك ھوسۇل ئالالايدىكەنسىلە؟

— بۇنى ھېسابلاپ كۆرمىدىم.

— سىلە بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ، بۇنداق گەپنى دېسەڭلا ياراشمايدۇ، كۆپ چىقسا يېزىغا ئەكەتمەيمىز، كۆپرەك ئالساڭلا ياخشى...

— يا...ياق، ياقۇپشۇجى، بىرەر يەرگە ئۆتكۈزىدىغان ئىش بولمىغاندىكىن ئۆيگە كىرگىنىنى ھېساب دەپ ھېسابلىمىدىم...

ياقۇپ شۇجى بۇنداق ئىشلارغا يولۇقسا، ھەمىشە ھاياجانلىنىپ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوئال سوراپ مۇڭدىشاتتى. مەھسۇلاتنىڭ كۆپ چىققىنىنى ئاڭلىسا، بەكلا سۆيۈنۈپ، قانداق قىلىپ بۇنداق مەھسۇلات ئالغانلىقىنى تەپسىلىي سوراپ خاتىرىگە يېزىۋالاتتى. ئاز ئېلىپ قالغىنىنى ئۇقسىمۇ، ئۆزىگە زىيان بولىدىغاندەك ئازابلىنىپ، مەيۈسلىنىپ سەۋەبىنى سوراپ بىلىۋالاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى پەننىي كىتابلاردىن ئىزدەپ تەدبىقلاپ، مەلۇم خۇلاسىگە كېلىپ ئۈنۈملۈك چارىنى دېھقانلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتى ۋە تارقىتاتتى. شۇڭا دېھقانلار ئۇنى دېھقان مىجەز شۇجى دەپ يۇپۇشاتتى ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلاتتى.

ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن ياقۇپ شۇجى ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سوراپ قالدى. ئابلىز ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، مۇئاۋىن مۇدىر ئىكەنلىكىنى، ھازىر مەكتەپ مۇدىرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا مەك-تەپ مۇدىرى بولۇپ مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى قىلى-ۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— مۇدىرنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ ئۇنى يوقلاپ ما-ڭايلى. ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن، يوقلىماي سەت ئىش بوپتۇ، — دېدى ياقۇپ شۇجى.

ياقۇپ شۇجى ئۆزىمۇ ئەينى يىللاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانتى... دېمەك ئۇ تېگىدىن مائارىپچى ئىدى. بۇ ساھەدە 11 يىل ئىشلەپ، پېشقەدەم كەسىپ ئەھلىگە ئايلانغانىدى. 1980- يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ ساھە بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا بۇ ساھەدە تازا قىزغىن ئىشلەۋاتاتتى، خېلى تاۋلىنىپ قالغان ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن، دەرس ئۆتۈش مېتودى ۋايىغا يەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ مائارىپ قوشۇنىدىن، مائارىپ باغچىسى-دىن مېھرىنى ئۈزگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ، مائارىپ بولمىسا بولمايدۇ، ئۇ — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى، ئانىسى، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، ئەۋلادلارغا تەقدىم قىلىش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ يۈكسەك مەجبۇ-رىيىتى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئەينى چاغدا بارلىق زېھنى كۈچىنى مائارىپ ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ ساھەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا بۇ قو-

شۇن ئۈچۈن كۆپرەك كەتمەن چاپقان كىشى بولدى. ئۇ ما ئارىپ ئىشلىرىغا، ما ئارىپچىلارغا كۆيۈنۈشنى بۇرچى ھېسابلايتتى، بۇلارنىڭ مۇھەببىتى، نەپرىتى، خۇشاللىقى ۋە ھەسرىتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشىنەتتى، بىلەتتى... ئۇ، تېرىم يېزىسىغا شۇجى بولۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاشۇ خۇسۇسىيەتنى تاشلىمىدى.

ئۇ يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى ۋە باشقا ئىشلاردىن كۆرە، يەنىلا ما ئارىپ ئىشلىرىنى نۇقتىلىق تۇتتى. چۈنكى، ما ئارىپ ئاساسى ئاجىز ئورۇن مەڭگۈ نامراتلىقتىن، قاتمال، دوگما ئىشلەپچىقىرىشتىن، ئەنئەنىۋى بويۇنتۇرۇقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ساپاسىز ئادەم ۋە ساپاسىز ئىشلەپچىقىرىشتىن نەپ ئېلىش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، باي بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ما ئارىپ ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، تاكى ھازىرغىچە نادانلىق، قالاقلىق، قاششاقلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي، نامراتلىق كىشەنلىرىنى پاچاقلىيالماي كەلگەنىدى. ياقۇپ شۇجى بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ما ئارىپ باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مول تەجرىبىسىگە تايىنىپ، يېزا ما ئارىپىدا بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاشنى، ئاتا - ئانىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى، مەكتەپ بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى، ئوقۇتۇش بىلەن ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي تېما قىلىپ تۇتتى. ئۇلار ئارىسىدا بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، مەنپەئەت بىر گەۋدە قىلىنغان زەنجىرسىمان باغلىنىش ھاسىل قىلىپ، بىر قەدەر ئۇنىۋېرسال بولغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ يەنە دېھقانلار ئارىسىدا پەن-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال پەيتلىرىدە ھەر قايسى كەنتلەردىكى ساۋاتسىز دېھقانلارنىڭ ساۋات چىقىرىش سىنىپىنى تەسىس قىلىپ، ساۋاتسىزلارنىڭ يېڭىدىن كۆپىيىشىنى تىزگىنلىدى.

ياقۇپ شۇجىنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيىتى باشلانغاندا، مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنىدى: ئۇ 1992 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بۇ يېزىنىڭ پارتكوم خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا، كۈزكى بۇغداي تېرىلغۇسىنىڭ قايناق مەزگىلى ئىدى. باشقا يېزىلاردا بۇغداي تېرىلغۇسى باشلانغان بولسىمۇ، بۇ يېزىدا تېخى ئىش باشلانمىغان، چۈنكى بۇ يېزىنىڭ بۇرۇنقى شۇجىسى خېلى بۇرۇنلا ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، يېزىدا قالغان كادىرلار «بىزگە قانداق شۇجى كېلەر» دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ياقۇپ جۈمە كەلگەندە، يېزىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرى كېچىكىپ كېتىش ئالدىدا ئىدى. ئۇ كېلىپلا پۈتۈن دىققىتىنى مۇشۇ ئىشقا قاراتتى، ھەر قايسى كەنتلەرنى ئايلىنىپ چىقماقچى بولدى.

خىزمەتكە رەسمىي كىرىشىپ ئۈچىنچى كۈنى، ئۇ كۆ-
تەكلىك 5 - كەنت ئىشخانىسىنى كۆزلەپ كىتىۋىتىپ،
يولنىڭ سول تەرىپىدىكى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە
كۆزى چۈشۈپ توختاپ قالدى. مايماق، ئەبجەق ياغاچ
دەرۋازا ۋە يىقىلغان هويلا تاملىرى ئۇنىڭ دىققىتى-
نى تارتتى. ئۇ دەرھال نىشانىنى بۇراپ مەكتەپ ئىچى-
گە كىردى، مەكتەپنى تەپسىلىي تەكشۈردى، بىر سى-
نىپنىڭ ئىشىكى شوخا بىلەن چىتىلاپ ئېتىلگەن بولۇپ،
ئوقۇغۇچىلار سىرتتا دەرس ئاڭلاۋاتاتتى، يەنە بىر
سىنىپنىڭ تاملىرى ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن، يەنە
بىر سىنىپنىڭ ئۈستى ھىمىردىلىپ كەتكەن بولۇپ،
سوقوما بىلەن تىرەپ قويۇلغانىدى. قىسقىسى، تۆت
سىنىپنىڭ ئىچىگە كىرىشتىن ئادەم قورقاتتى، بۇنى كۆر-
گەن ياقۇپشۇجىنىڭ چېكىسىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بول-
دى... بۇ تازىمۇ ئالدىراش مەزگىل بولۇپ، ھاۋا
سوۋۇغان، ئۈششۈك تېگىشكە 18 كۈنلا قالغانىدى. 120
نەپەر ئوقۇغۇچىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى
ئۇنى غەمگە سالدى، ئۇ سۈرۈشتە قىلىپ، كەنتنىڭ
ياكى شەخسلەرنىڭ بولسۇن، بالىلارنى ۋاقتىنچە ئورۇن-
لاشتۇرۇپ ئوقۇتۇپ تۇرغۇدەك مۇۋاپىق ئۆينىڭ يوقلۇقى-
نى بىلدى، بۇ دەرھال ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىش
ئىدى. گەرچە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بۇ مەك-
تەپنى خەتەرلىك دەپ ئەنگە ئېلىپ قۇرۇلۇش قىلىش-
نى پىلانلىغانىغا ئۈچ يىل بولغان، ۋىلايەتلىك مائا-
رىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقىمۇ كۆرۈپ مەكتەپكە پۇل
ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئىككى-
ئۈچ يىلدىن بۇيان ھېچ بىرسى ھەل بولماي، مەكتەپ

كۈندىن - كۈنگە خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. يېزا پۇل ئاجراتماي دېسە، ئاجراتقۇدەك پۇلنىڭ ئورنى يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ قىشىچە دەرس توختىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياقۇپ شۇجى مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە بىرھازا ئويلىنىپ غەمكىن ھالدا تۇرۇپ قالدى، تۇرغانسېرى روھسىزلاندى، ئويلىغانسېرى خىيالى چوڭقۇرلاپ كەتتى. 20-ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە، مەكتەپ ئەھۋالى بۇنداق بولسا قانداق بولغىنى، قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟... يېزىنىڭ 18 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى بۇغداي تېرىلغۇسىنى ۋاقتىدا ئېلىپ بارماسلىق بولمايدۇ، مەكتەپنى بۇ ئەھۋالدا تاشلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە تېرىلغۇ ئىشىنى مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ، يېزىغا كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى يولۇققان بۇ ئىش، ئۇنى تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈردى. ئۇ مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، مەكتەپ ئىشىنى مۇزاكىرە قىلماقچى بولدى. لېكىن باشتا دەپ ئۆتكەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىغىن ئېچىش ئىشقا ئاشمىدى. شۇڭا ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ، تاماق يەۋېتىپ، باشقىلار بىلەن مەكتەپ ئىشىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە مەبلەغنى قەرز ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىپ مەكتەپ قورۇلۇشىنى يېڭىلاشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشقا كىرىشتى. نەتىجىدە 33 كۈندىلا ئالتە سىنىپلىق 339 كۋادرات مېترلىق، پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان مەكتەپ قورۇلۇشى قەد كۆتۈردى.

ئوقۇغۇچىلار يېڭى سىنىپلاردا خاتىرجەم ئوقۇشنى باشلى-
دى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «ئوقۇتۇشقا رائىتىنى يا-
خشىلىماي تۇرۇپ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس» دېگەن تونۇشقا كېلىپ، بەش يىلغا يەتمىگەن
ۋاقىت ئىچىدە يېزا بويىچە 14 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ
مەكتەپتىكى 4260 كۋادرات مېترلىق پىششىق خىش،
ياغاچ قۇرۇلمىلىق سىنىپ، 230 مېتر هويلا تام قۇرۇ-
لۇشنى پۈتتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. 30 نەپەر ئو-
قۇتقۇچىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىنى كەچۈرۈم قىلدى. 82
نەپەر ئوقۇتقۇچىغا 82 مو ئۆيلۈك يەر ئاجرىتىپ بەر-
دى. ئۇ، قىيىنچىلىق بولغاندىمۇ مائارىپنى قىيىن ئەھ-
ۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق، باشقا ئىشلارغا دەخلى
بولغاندىمۇ، ئەۋلادلارغا دەخلى قىلماسلىق كېرەك
دەپ قاراپ، مائارىپ خىزمىتىگە ئورتاق قاراش بولۇشنى
ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە مەكتەپلەردىكى ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ داۋامى 98 پىرسەنتكە، ئوقۇ- ئوقۇتۇش سۈپىتى
95 پىرسەنتكە، تولۇقلىنىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە
يەتتى.

بولتۇر ئۇ، ئايرىم نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى-
نىڭ ئوقۇتۇشتا تۈرلۈك قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقىنى سەز-
دى، ئۇ مائارىپ ئىشخانىسىدىكى خادىملارغا دەپ، يېزا
بويىچە ئەڭ نامرات ئوقۇغۇچىدىن ئىككىنى تېپىپ
چىقىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار
ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يىلتىزلىق
1- كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئابلا ئابدۇرېشىت،
كونا ئۆستەڭ 6- كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن
قېيۇم ئابلەت قاتارلىق نامرات ئوقۇغۇ-

چىلارنى يېزىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پۇتى يالىڭاياق، كىيىملىرى ناچار، چىرايى سولغۇن ئىدى. ياقۇپ شۇجى بۇ بالىلارنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ يۈرىكى «شۇررىدە» ئېرىپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ھەقىقەتەن نامرات ئىدى. ئۇ ئۆز يېنىدىن 100 يۈەن پۇل چىقىرىپ ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەردى ھەمدە كىتاب - ژۇرنال، ئوقۇش بەدەل پۇللىرىنىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مۇشۇ ئېسىل روھنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇپ كەلدى: ئۇلارغا قىشتا قىشلىق كىيىم-كېچەك، يازدا يازلىق كىيىم قىلىپ بەردى. بۇ ئىش يالغۇز بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. يېزا باشلىقى دىلشات سۇلايمان، مۇئاۋىن شۇجى ئىدرىس كېرەم ۋە ئەنۋەر سابىر، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىدىن ئەستىلا داۋۇت، مەخمۇت نۇرەك، ئىمىن قۇربان قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ ئىككىدىن ئۈچكىچە ئوقۇغۇچىنىڭ غەمخورچىسى بولدى. بۇ ئىش يېزا بويىچە ئالدىن بېيىغان دېھقان، يەككە تىجارەتچىلەرگىچە كېڭەيدى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆيى مەكتەپكە يىراق 226 نەپەر ئوقۇغۇچىغا بىردىن ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىلدى؛ 280 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىكى تولۇق چىقىم پۇللىرى كۆتۈرۈۋېتىلدى؛ 100 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشلۈك تامىقى ھەقسىز بېرىلدى. بۇلارغا ھەر يىلى 74 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل سەرپ قىلىندى...

شۇ ئەسنادا، ماشىنا بىرسالىقتىن ئۆتۈپ، غۇژ-

مەك مەھەللىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. ياقۇپ شۇجى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئايرىشقا باشلىدى. ماشىنا ئىچىدىكىلەرمۇ پۇل چىقىرىشتى. ياقۇپ شۇجى پۇلنى بىر مونەككە① توغرىلاپ، ئايرىم يانچۇققا سېلىپ قويدى. ماشىنا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئابلىز دەرۋازىنى چەككەن بولسىمۇ، ئۆيدىن ئادەم چىقمىدى. شۇ ئەسنادا يان تەرەپتىكى خاماندىن كەلگەن بىرسى بىزگە:

— شوجاڭ② يوپۇرغىدا دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، يېزىدىكى باشقا كادىرلارنىمۇ تەشكىللەپ، ناھىيىگە بېرىپ ھال سوراپ كېلەيلى، — دېدى ياقۇپ شۇجى خۇرسىنغان ھالدا.

## 6

ماشىنا يەنە قوزغالدى. بىر دەمدىن كېيىن مەھەللىدىن يىراقلاپ، يولغۇنلۇق يېپپىنچا قىلىنغان، كەڭ كەتكەن بىر ئوتلاقتا چىقتۇق. يول ئېگىز - پەس، ئەگرى - بۈگرى ۋە تار ئىدى. كۆپ ئۆتمەي، لېپمۇ - لىق دۇغاپ سۇ ئېقىۋاتقان چوڭ بىر ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق.

— سۇ ئوبدان ئىكەن، يەنە بىر نەچچە كۈنگىچە مۇشۇنداق كېلىپ بەرسە، كېۋەزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىك سۈيى تولۇق قوييۇلۇپ بولىدۇ، — دېدى ياقۇپ شۇجى خۇرسەنتلىك بىلەن.

① بىر مونەك — 100 يۈەن.

② شوجاڭ — مەكتەپ مۇدىرى.

— ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلسەم، ھېلىقى چاغ-
دىكى ئىش ئېسىمگە كېلىدۇ، — دېدى ئابلىز ئىختىيار-
سىز ھالدا، — سۇ دېگەن كارامەت يامان ئەجدىھا ئى-
كەن، مەن سۇ ئەجدىھاسى دېسە زادىلا ئىشەنمەيتتىم،
شۇ قېتىم ئىشەندىم. سۇ يامرىغاندا قورقىنىسا بولماي-
دىكەن، بىر چاغدا مۇشۇ يەرگە كەلسەك، بۇ يەر
لىپمۇ-لىق سۇغا تولۇپ كېتىپتۇ. ھەممىلا يەر
تەكشى سۇ، نەدە يول، نە ئۆستەڭ بىلگىلى بولمايتتى.
ھازىر شۇ چاغدا يار ئېلىپ كەتكەن جاينى پەرق ئەت-
كىلى بولمايدىغان بولۇپ، بۇ يەر پۈتۈنلەي
يۇلغۇنلۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مۇشۇ يەردىن بىرەر
كىلومېتىر كېلەمدۇ، ياقۇپ شۇجى، يار كەتكەن جاي؟
— شۇنچىلىك كېلىدۇ، — دېدى ياقۇپ شۇجى.
— ھازىر شۇنىڭغا ئىككى يىل بولدى، — دېدى ئاب-
لىز بىزگە ئەھۋال چۈشەندۈرمەكچى بولغانىدەك، — ۋاي
يار كېتىپتۇ، يار كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر يېزىغا يېتىپ
باردى. شۇ چاغدا كەچ كىرەي دېگەنىدى. ئاڭلىساق،
ناھىيىنىڭ سۇغا مەسئۇل ھاكىمىمۇ كېلىپ بوپتۇ. ئۇ
يېقىن ئەتراپتىن نۇرغۇن ئادەمنى قوزغاپ
يارنى ئېتەيلى دېسىمۇ ئېتەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
ياقۇپ شۇجىغا خەۋەر قىلغانىكەن. ياقۇپ شۇجى دەر-
ھال يېزا بويىچە بارلىق ئەمگەك كۈچى ۋە ئېشەكھار-
ۋىلىرىنى قوزغاپ، شاخ-شۇمبا، ياغاچ-تاش قاتار-
لىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، كېچىچە يۈرۈپ يار ئېلىپ كەتكەن
جايغا كەلدى، بىزمۇ بار، ئەھۋال بەك خەتەرلىك ئى-
كەن. كەلكۈن سۈيى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ، يار

دەرھال ئېتىلمىسە، يېزىنىڭ 3-، 4-، 5-، كەنتلىرى پۆتۆنلەي سۇ ئاستىدا قېلىپ، بوغداي، قوناق، كېۋەز-لىرىنى پۆتۆنلەي سۇ سۆپۆرۆپ كېتىپ مىليونلاپ زى-يان بولاتتى. ياقۇپ شۇجى ئىت - ئىت بولۇپ تۇرال-ماي قالدى. كېچىچە مەسلىھەتلىشىپ، يارنى ئەتىسى سەھەرگىچە ئېتىپ بولۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. كېچىچە، ئا-پارغان شاخ - شۇمبىلاردىن تۆرمەل ياسىدۇق، يارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر نەچچە تال قوزۇق قاقتۇق. يۆز نەچ-چە ئادەم بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ تۇرۇپ قوزۇق قاقتۇق، بولمىسا سۇ كىرگەنلىكى ئادەم ۋە قوزۇقلارنى ئېلىپ قاچاتتى. ئەتىسى تۆرمەلنى تاشلاپ سۇنى توستۇق. سۇ لۆمىدە كۆتۆرۆلۆپ، تۆرمەل دېگەن-نى لۆملىدىتىپ، دومىلىتىپ ئېلىپ قېچىپ، شاخ - شۇم-بىلارنى ئىتتىۋەتتى. بىر تالىنىمۇ سۆزۆپ ئالغىلى بولمى-دى. كېيىن يەنە بىر قېتىم تۆرمەل ياساپ يارغا تاش-لاپ، يارنى ئېتىپ ئاز قالغاندا توپا تۆگەپ، سۇ تۆر-مەلنى ئېلىپ كەتتى. قىلمىغان، ئەتمىگەن ئىش قال-مىدى. قورساقلار ئېچىپ ھالىمىز قالمىدى. ھاكىم، شۇجىلارمۇ شۇنداق. ئۇلار تۇرغان يەردە بىزمۇ سۇس-لۇق قىلالامدۇق!؟ كېيىن ھاكىم بۇ ئىشنى ياقۇپ شۇجىغا قويۇپ بەردى. ياقۇپ شۇجى ئالدى بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئاياغ تەرىپىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىملى-قىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاياغ تەرەپنى تەكشۆرۆشكە ماڭدى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا ماڭغانىدى، بىر چاغدا چولدۆككىدە كانىيىغىچە سۇغا كى-رىپ كەتتى، پەقەت بېشىلا كۆرۆنۆپ قالدى. بىز: «ۋاي!»

دېيىشتۇق. بىر كەمدە ئۇ، خېلى نېرى بىر يەردىن چىقتى. بىز باشقا يەرنى ئايلىنىپ باردۇق. قاتتىق قورقۇپ كەتتۇق. كېيىن باشقىلار ئاياغ تەرەپكە بېرىپ توسالغۇلارنى ئېلىۋېتىپ كەلدى. يار بېشىدىكى قېيىۋالغان سۇ پەسلىدى. ھاشارچىلار توپا دۆۋىلىدى. ئاندىن يەنە تۇرمەل تەييارلاپ، قوزۇق قاقتۇق، ياقۇپ شۇجى يار ئېغىزىنىڭ بۇ تەرەپ لېۋىگە ئۆزى باش بولۇپ چۈشۈپ، ئادەملەرنى قاتارى رەتكە تىزدى. ئاندىن تۇرمەلدىن بىرنى تاشلاپ بىر تەرەپنى پۇختا ئېتىۋالدى. كېيىن قالغان يەرلەرنى ئاز - ئازدىن ئېتىپ، نامازشام بولغاندا، سۇنى پۈتۈنلەي توسۇۋالدۇق. ھاكىممۇ «ئۇھ» دېدى ۋە ياقۇپ شۇجىغا ئاپىرىن ئوقىدى.

— مەنمۇ نەچچە يىل سۇ بىلەن ئېلىشقان ئادەم، سىلىچىلىك پەم تېخى بىزدە يوقكەن، ياقۇپ شۇجى، — دېدى ئۇ.

ياقۇپ شۇجى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن قېتىم يارنى ئېتىشتە ئۆلگە كۆرسىتىپ قويدى.

ماشىنا توپىلىق، تار، كاتاڭ يولدا ناھايىتى ئېغىر بىر خىل سۈرئەت بىلەن كېتىپ باراتتى. تېرىم يېزىسىنىڭ سۈيى توغرىسىدا گەپ بولسا، بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل روشەن چۈشەنچە بار. يەر شەكلى تۈز بولغان بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى بايئاۋات يېزىسىغا، غەرب تەرىپى يوپۇرغا ۋە سىيەك يېزىسىغا، جەنۇب تەرىپى

يەكەن ناھىيىسىگە، شىمال تەرىپى پەيزاۋات ناھى-
يىسىگە تۇتىشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1189.4 مېتىر ئېگىز
بولۇپ، شەرق تەرىپى بىلەن غەرب تەرەپىنىڭ ئۇزۇن-
لۇقى 31 كىلومېتىر، جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكى
41.7 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 625 كۋادرات
كىلومېتىر، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 39 مىڭ 644 مو.
تېرىم غول ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 كىلو-
مېتىر (كونا دەريا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئازادلىق ئۆستە-
ڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر (يېڭى دەريا
دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كېلىدۇ. ئەڭ تېز ئېقىش مىقدارى
16 كۇب مېتىر سېكۇنت كېلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ-
كى، بۇ ماكاندا قىش، ئەتىيازدا سۇ كەمچىل، ياز،
كۈزدە سۇ ئاساسەن بىر قەدەر مول، ھۆل-يېغىن
مىقدارى ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن، تېرىلغۇ يەرلىرى-
نىڭ 95 پىرسەنتى زەي-شور، يازدا كېلى-
دىغان كەلكۈن سۈيىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولۇپ، ھەر
يىلى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى، ماددىي ئەشيا كەلكۈنگە
تاقابىل تۇرۇشقا سەرپ بولۇپ كېتىدۇ. نۇرغۇن دەل-
دەرەخ كېسىلىپ، يار-ياداڭلارغا يەم بولۇپ كېتىدۇ...

ياقۇپشۇجى بۇنى كۆرۈپ كۆپ تەرەپلىمە ئويلاندى
ۋە بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى
چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر قىسىم كا-
دىرلار ۋە دېھقان-چارۋىچىلار بىلەن باش قوشۇپ ۋە
سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ، سۇ قۇرۇلۇشىدى-
كى ئىسراپچىلىقنى ئازايتىش تەدبىرلىرىنى تۈزدى.
بىر قانچە يىللىق پىلان تۈزۈپ، ئاساسلىق سۇ قۇرۇ-

لۇشى ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بىلەن بىر
چاغدا، تۇما - تاقاقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك بېتون قۇ-
رۇلمىلىق، تۆمۈر تاقاقلىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.
ئادەتتە بىر كەنت بىر يىل سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەرپ
قىلغان مەبلەغنى بېتون قۇرۇلما ئۈچۈن سەرپ قىلسا،
خېلى بىر قىسىم تۇما - تاقاق، يارلار مۇستەھكەم بو-
لۇپلا قالماي، ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈمى ياخشى، سەرپى-
ياتى تۆۋەن بولاتتى. 1992 - يىلىدىن بۇيان، ياقۇپ
شۇجىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يېزا، دۆلەت، كول-
لېكتىپ ۋە شەخسلەر مەبلەغ چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق
1 مىليون 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ، 336 مىڭ
ئادەم-قېتىم ئىش كۈنى، 25 مىڭ 400ھارۋا، تراكتور
ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ7550 مو بوز يەر ئېچىلدى.
8800مو تېرىلغۇ يەرنى تۈزلەپ، سالالاشتۇرۇش ئىشقا ئاش-
تى. 130 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا مەشغۇلات يولى ياسالدى.
13 مىڭ 800 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى.
23 مىڭ 530 مو تونىلىق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىن-
دى، 9.5 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق -
ئۆستەڭ ياسالدى. ئەسلىدىكى 609.3 كىلومېتر ئۇزۇن-
لۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ، زەيكەش چېپىپ رېمونت
قىلىندى. يېڭىدىن1760كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق -
ئۆستەڭ، زەيكەش چېپىلدى. 208 ئورۇنغا بېتون تۇما -
تاقاق ياسالدى، 153 ئورۇنغا بېتون نو كۆۋرۈك قۇيۇلدى.
مانا بۇلار يېزىنىڭ بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشى ۋە
بەشتە بىر تۇتاش تېرىقچىلىق قىلىش تەلىپىنىڭ
ئۆلچىمىگە يېتىشىنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

سالا ئىتىزلارغا ھۆسن قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار
ئۇششاق-چۈششەك ھاشاردىن خېلى زور دەرىجىدە ئەمىن
تېپىپ قالدى. بۇ يېزىدىكى ئەڭ مۇشكۇل، ئەڭ يىرگىن-
چىشلىك ئىش ھاشار بولۇپ، ئۆلۈم گىردابىدا پىيى-
سىقىرىلغان دېھقانلىنىڭ ھاشار دىسە پىيى سىرقىرايتتى.
خۇددى بىر نەرسە بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچى ئىمتىھان
دىسە جىنى چىققاندەك، دېھقانىمۇ ھاشار دىسە جىنى
چىقاتتى. بۇ بەك رەھىمسىز ئىش، رەھىمسىز ئەمگەك ئىدى!
چۈنكى بايىقىدەك شارائىت ئۇلارنى يىل بويى ھاشار-
دىن ئاجراتمايتتى. ياقۇپ شۇجى دېھقانلارنىڭ ھاشار
ۋاقتىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئىتتىبار بېرىش چارىلىرى-
نىمۇ يولغا قويدى. ھاشارغا بېرىش ئىمكانىيىتى يوق
كىشىلەرنى كۆزى كۆرسە، قولىقى ئاڭلىسا ھاشىرىنى
كەچۈرۈم قىلدى ياكى يېنىكلىتىپ قۇربىتىگە لايىقلاش-
تۇرۇپ بەردى. تۆھپىسى بارلار ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈ-
چۈن خىزمەت كۆرسەتكەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى،
ئوقۇتقۇچىلارنى ئالدىن نەزەرگە ئېلىپ ھاشار، خالىس
ئەمگەك كۈنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھاشار سې-
لىقىنى ئازايتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغان ئىشلى-
رى، تەجرىبىلىرى كۆپ بولۇپ، شوپۇر ئابلىز دەپ ئۆتكەن-
دەك، ئۇ — ھەم سۇغا تەشنا — چۈنكى ئۇ دېھقانىنىڭ
باشچىسى، ھەم سۇغا ئۆچ — چۈنكى ئۇ مۇنبەت
تۇپراق ۋە تىنچ ئىشلەپچىقىرىشقا مۇھتاج پەرۋىشكار ئىدى.
ئۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە تۇپراق ۋە سۇنىڭ تۇپ-
راققا، ئىشلەپچىقىرىشقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھەر
تەرەپلىمە تەتقىق قىلدى: ئەسلىدە تېرىم ناھايىتىمۇ

قەدىم يۇرت ئىدى. ئىسمىدىنمۇ مەلۇمكى، بۇ، تېرىقچىلىق ئوبدان ئوخشايدىغان، تېرىسىلا بولىدىغان يەر ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە ئاتا - بوۋىلار ناھايىتىمۇ قەدىم زامانلاردىن تارتىپ تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى زاماندا ئادىمى، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغان بۇ يۇرت تېرىم كەنتى دەپ ئاتالغان. 1946- يىلى تېرىم كەنتى بىلەن يېڭىگال كەنتى يەكەن ناھىيىسىدىن يوپۇرغا ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، تېرىم بەگلىكى دەپ ئاتالغان. 1950 - يىلدىن كېيىن ، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ 4 - رايونى، 1958 - يىلى تېرىم كوممۇنىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984- يىلى تېرىم يېزىسى دەپ ئاتالغان. مەيلى نامدا قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىگەن ۋە خەلققە، دۆلەتكە ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان ئىشلەپ بېرىپ، شۆھرەت قازانغانىدى. ئەينى يىللاردا تۇپرىقى مۇنبەت، يايلاقلار چىمەنلىك، يۇرتلار بوستانلىق ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، دەريا - دېڭىز سۇلىرىنىڭ ئۆرلىشى بۇ يېزىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. كۆسەن دەرياسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن يامرىغان قالدۇق سۇ بۇ يېزىغا زور بېسىملارنى ئېلىپ كېلىپ، تۇپراقنى زەي-شور بىلەن بۇلغىدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق سۇنئىي نەرسىلەرمۇ زەي - شور بىلەن بىرلىكتە، تۇپراقنى تېخىمۇ قاتمال قىلىۋەتتى. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى باتۇر خەلق بۇ خىل تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەر بىلەن

ئۈزۈلدۈرمەي كۈرەش قىلدى. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش كۈرىشى خەلقنى باتۇر، قەيسەر قىلىپ تاۋلىدى. لېكىن نادانلىق، قاششاقلىق، تار بېكىنمىچىلىك، خۇراپاتلىق قاتارلىقلارنىڭ جاھالەتتى ئۇلارنىڭ روھىنى چىرماپ كەتكەنلىكتىن، خەلق ھەر قانچە ئىشلىسىمۇ، قورسىقى تويمىسىمۇ، كۆزى تويماي ئۆتتى. ئۇلار بۇ خىل ئېچكى - تاشقى كەچۈرمىشتىن خالىي بولالمىدى. ئەمما ئۇلار بۇ زېمىنغا زادىلا تويمايدۇ، تىرىشىپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيدۇ، مۇبادا ئۇلار بۇ يەرگە تويۇپ، باشقا بىر جايغا كۆچۈپ كەتسە، مۇشۇ يەردە ئىشلىگەن قەيسەرلىكى بىلەن ئىشلىسە، ئاشۇ زېمىن ئۇلارنى پارلاق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ ياقۇپ شۇجىنىڭ يەكۈنى ئىدى. ئۇ بۇنى چۈشىنىپ يەتكەندە، شۇنداق بىر تارىخ قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بىر قانچە نۆۋەت كەلكۈن، سۇ ئاپەتلىرىنىڭ يېزىغا قانچىلىك زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلغانىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ كەنتلەرنى ئارىلاپ ئىلگىرى چېپىلغان زەي قاچۇرۇش ئۆستەڭلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولغىنىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن زەي قاچۇرۇش ئۆستەڭلىرىنى قايتىدىن چېپىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىپ، ئاممىغا باشلامچىلىق قىلدى. ئۇ ناھايىتى توغرا قىلغانىدى. نەتىجىدە، دېھقانلار زەي قاچۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تېرىلىدىغان يەرلەرنى دەل ۋاقتىدا ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، تېرىقچىلىقنى بالدۇر ئادا قىلدى. زەي - شورنىڭ ئالدىنى ئالمىغان كۆپلىگەن يېزىلارنىڭ يەرلىرى شور، زەي

تۆپەيلىدىن ۋاقتىدا كېلىشمەي ئىشلەپچىقىرىشتا زىيان تارتتى. بەزىلەر: ياقۇپ شۇجى، سىز ھەقىقەتەن ئالدىن كۆرەركەنسىز، دېيىشتى. بۇ ئىشتا خەلق ياقۇپ شۇجىدىن خۇش، ياقۇپ شۇجى بولسا ئۆزىدىن، ئاشۇ ئىشچان دېھقانلاردىن خۇش.

7

ماشىنا ئوتلاقلاردىن ئۆتۈپ، بىر مەھەللىگە كىردى. ئاندىن ياقۇپ شۇجىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كېۋەزلىككە قاراپ ماڭدى. بىر دەمدىن كېيىن كۆز يەتكۈسىز سالا ئېتىزلارغا تېرىلغان كېۋەزلىككە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ كېۋەزلەرنى ئارىلاپ كىرىپ كەتتى ھەممە كېۋەزلىكنىڭ ئاستى لاي بولۇشىغا قارىماي، ئېگىز، بولۇق ئۆسكەن كېۋەز مايسىسىدىن بىر نەچچە تال يۇلۇپ ئېلىپ غوزىسىنى سانىدى. ئۇنىڭدا پەقەت بىر-ئىككى تالدىنلا غوزا بار ئىدى. ياقۇپ شۇجى: ئوغۇت بەرمەي سۇ قۇيۇپ كېۋەزنى نابۇت قىپتۇ، دەپ خاپا بولدى ۋە بۇ كېۋەزگە ئۆسۈشنى تىزگىنلەش دورىسى چېچىلسا، ئۇنۇمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماشىنا ئارقىغا ياناي دېگەندە، بىر قانچە ئادەم قوللىرىدا كەتمەن، ئورغاق كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ كېلىشىپ بىز بىلەن سالاملاشتى. بۇ كىشىلەردىن بىرسى شېكەر 4 - كەنتنىڭ سېكرېتارى سىمەت مەمەت ئىدى. ياقۇپ شۇجى ئۇنى ماشىنىغا ئېلىۋېلىپ ماڭغاچ دوكلات ئالدى ۋە بايىقى كېۋەزلىكنى قانداق قىلىش، بوز يەر ئېچىشنى قانداق ئېلىپ بېرىش، كەنجى قوناقلارنىڭ پەرۋىشىنى قانداق قىلىش،

ئوتتۇرا مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىغان بالىلارنى مەكتەپكە قانداق ئەۋەتىش قاتارلىق ئىشلارنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى. ماشىنا مەھەللىدىن ئۆتۈپ بىر ساسلىققا چىقتى. بۇ يەرلەر تېخى يېڭىدىن ئېچىلىپ كېۋەز تېرىلغانىكەن، كېۋەزلىرى خېلى ئوبدان غوزا ئاپتۇ. بۇ يەرلەر ئەسلىدە تاشلاندۇق يەرلەر بولۇپ، ياقۇپ شۇجىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە بۇ يىل كېۋەز تېرىلغانىدى. دېھقانلار باشتا، سالغان مەبلىغىمىز بىكارغا كېتىدىغان بولدى دەپ مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ياقۇپ شۇجىنىڭ ھەقىقەتەن دىتى بار ئىكەن، دېيىشكەنىدى.

سېكرېتار شۇ يەردە قالدى، ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن بىرسى:

— بۇ سېكرېتار خېلى ئۇزاق ئىشلەپ قالدى، خېلى دىتى بار چېغى، — دېدى.

— نەدىكىنى، — دېدى ئابلىز، — بۇ يەردىكى خەق ياقۇپ شۇجىدىن قورقمىسا ئۇنى پوش دېمەيدۇ. ياقۇپ شۇجى باشقىلارنى بېسىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بولمىسا، بىلمىسىلەر بۇ خەقنى، بۇ يەرنى بىكاردىنلا «شېكەر» دېمەيدۇ، ئىلگىرىدىن ناكەس ئادەملەر كۆپ بولغاچقىلا، «شېكەر» دەپ ئاتالغان.

— بۇ يەر يېزىدا، بازارغا يىراقراق، — دېدى ياقۇپ شۇجى چۈشەندۈرۈپ، — دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت دېگەندىن پەقەتلا خەۋىرى يوق، سەۋىيە بەك تۆۋەن،

دېھقانلار بەك قالاق، ئەنئەنىگە ئۆلگۈدەك يېپىشىۋالىدۇ. مەن دەسلەپ، بۇ خەق نېمىشقا بەك نامراتتۇ، دەپ كۆپ تەكشۈردۇم، قارىسام خەلقى بەك ئىشچان، لېكىن يېڭىچە ئىگىلىك يارىتىش، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئىدىيىسى يوق. بازار ئىگىلىكى دېگەننى قىلچە ئۇقمايدۇ، جاھىل، مۇتەئەسسىپ، ھېسابلاپ كۆرسەم، ئىككى يىلدا ئون نەچچە ئادەم سىكرىتار بوپتۇ، ئەترەت باشلىقى، يەنە بىر نېمە دېگەنلەرمۇ قاتارى ئالمىشىپ بوپتۇ، ئازراق دىتى بارلاردىن خىزمەت قىلىپ باقمىغان ئادەم قالماپتۇ، ھەممە ئادەم ئەترەت باشلىقى، ئۇ بۇ بولۇپ بېقىپتۇ، كەنت كومىتېتىنى تەرتىپكە سالاي دەپ مەسلىھەت قىلدىم، كېڭەش ئېلىپ باردىم. ئۇمۇ قىلمايمەن دەيدۇ، بۇمۇ قىلمايمەن دەيدۇ، ئاخىرى ھازىرقى سىكرىتار خېلى گەپ-سۆزى جايىدا، بىرەر ئىشنى ئەتراپلىق ئويلىيالايدىغاندەك كۆرۈندى، ئىشلىتىپ باقاي دەپ، ئىشلىتىپ كۆرسەم، خېلى بىر ئىشلارنى قاملاشتۇرۇپ كەتتى. كېيىن، يېزىنىڭ قوراللىق بۆلۈم كادىرى ئابدۇكېرىم نۇرەكنى نۇقتىغا ئەۋەتىپ، ياردەملەشتۈردۈم. ئۆزۈممۇ بۇ كەنتنى نۇقتا قىلىپ، دائىم كېلىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ تەربىيىلەپ بەرسەم، كونا سېكرىتارلاردىن ياخشى چىقتى، نوچىلاردىن بىر قانچىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئەدىبىنى بەردۇق، سۈرۈشتە قىلسام، 10— 15 يىلدىن بۇيان بىرمۇ بالا ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ باقماپتۇ، مەن بۇ ئىش بولماپتۇ دەپ، زورمۇ-زور ئې-

تىبار بېرىش چارىلىرىنى يولغا قويۇپ، بۇ يىل ئون نەچچە بالىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپاردىم، ئوقۇۋاتىدۇ، ھازىر بۇ يەردىكى ئۇرۇش - جېدەل، غەۋغالارمۇ بېسىقىپ قالدى. كۆپلىگەن دېھقانلارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولدى. مەن دەسلەپ كەلگەندە، ساپلا ياماقچا پان، ياماق ئىشتان، يالىڭاياق دېھقانلار بار ئىدى، ھازىر بۇنداقلار ئومۇمەن تۈگىدى، كەنتىمۇ يېزا بويىچە ئىلغار كەنت بولۇپ قالدى... بۇ كەنتنى نۇقتا قىلدىم دېگەن بىلەن نۇرغۇن جاپا تارتتىم، بەزىدە كەلسەم، بىرەر ئادەم مەكەلسىلە دېمەي، كۈنلەپ-كۈنلەپ ئاچ قېلىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىممۇ بار. ئۇغۇ مەيلى...

ماشىنا قارا توغراق 3- كەنت تەۋەسىگە ئۆتۈپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئەتىگەن ئابىلىز گېپىنى قىلغان كىشىنىڭ ئالا چۈشكەن كېۋەزلىكىگە بېرىپ توختىدى، بۇ يەردىكى كېۋەزلەرگىمۇ تازا بولدۇقلاپ سۇ كىرىۋاتقانىكەن، ھېلىقى مەلۇم قىلىپ بارغان دېھقانمۇ شۇ يەردە ئىكەن، ياقۇپ شۇجى يوپۇرماقلىرى سەل سارغىيىپ ئازراق تۆكۈلگەن ئۈچ تاختا كېۋەز ئېتىزىغا بىرمۇ بىر كىرىپ كۆرۈپ:

— ئەنسىرىمەڭلا، بۇ قىسىمەن ئەھۋال، ئازراق سېرىق ئوت بار ئىكەن، دورا چېچىپ، ئۇنى يوقىتىۋەتسە باشقا جايلاردىكى مايسىلارغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، سۇنى ئازراق قويۇڭلا، بەك جىق قويۇۋەتسەڭلا كېۋەز كۆكىگە زورلاپ كېتىدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇت بولسا، ھەر موغا بەش- ئالتە كىلوگرامدىن توغرا كەلتۈرۈپ

چېچەكلا ، قورقماڭلا ، ئەتە يېزىغا بېرىڭلا، مەن دو-
را بېرەي، ئالدىنقى يىللاردا بۇنىڭدىنمۇ بەك ئالا
بولغان كېۋەزلەرنى ياخشىلاپ كەتتۇق، بۇ ھېچ قانچە
گەپ ئەمەس. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىشلەڭلا ،- دې-
دى ۋەدە قىلغاندەك.

ماشىنا يەنە قوزغالدى، بۇ چاغدا كۈن تىكلى-
شىپ ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. بىر قىسىم
دېھقانلار: ئارام ئېلىپ مېڭىڭلار، دەپ چىڭ تۇتقان بولسى-
مۇ، لېكىن ياقۇپ شۇجى ئۇزرە ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن كەنت-
نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قۇملۇق باغرىغا تېرىلغان كېۋەز-
لىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىر دەمدىن كېيىن، بۇ يەرگىمۇ
يېتىپ كەلدۇق. كېۋەزلەر ئوخشىغانىدى، ياقۇپ شۇجى
بىر قانچە تۈپ كېۋەزدىكى غوزىنى ساناپ كۆرۈپ،
ئوتتۇرىچە پاختا ئېغىرلىقىنى چىقىرىپ، مول ھوسۇل
ئېلىشتا ئۈمىد بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بەك خۇرسەن
بولدى، چۈنكى، بۇ يەرگە كېۋەز تېرىلىدىغان چاغدا
ئايرىم كىشىلەر ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ دەپ كېۋەز
تېرىشقا قوشۇلمىغانىكەن، ياقۇپ شۇجى تۇپراق ئەھۋا-
لىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قارىشىنى رەت قىلىپ، كې-
ۋەز تېرىشنى بېكىتكەن. ئۇ يول بويى كېۋەزلىكلەرنى ئارى-
لاپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپ ماڭدى.

— كېۋەز دېسە، جېنىنى بېرىدىغان ئادەم جۇمۇ
بۇ،—دېيىشتى ماشىنىدا ئولتۇرغانلار،—نېمىشقا دېسە
دېھقانىنىڭ جېنى ھازىر كېۋەزدە ئەمەسمۇ!

ياقۇپ شۇجىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇسى ، كېۋەزسېتىش
ئىشلىرىدا ھەم قىزىقارلىق، ھەم ئۆزگىچە ھېكايىلىرى بار.

ئۇ، هازىرقىۋاقىتتا دېھقانىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پاخـ
تىدىن مۇھىم نەرسە يوق، دەپ قارايتتى، ئەمەلىيەتـ
تىمۇ شۇنداق ئىدى. هاللىق سەۋىيىگە يېتىش، بـاي
بولۇشتا تېرىم دېھقانلىرى پاختىـغا تايانمىسا، ئاشـ
لىق ۋە كۆكتات، مېۋە - چېۋىگە تايىنىپ هـېچ ئـىش
قىلالمايتتى، باي بولالمايتتى. باي بولغاندىمۇ، هەـ
قىقىي باي بولالمايتتى. ياقۇپ شۇجى بۇنى بىلگەچكە،
تېرىم يېزىسىنىڭ تۇپراق شارائىتىنى چىقىش قىلىپ،
كېۋەز تېرىلغۇسىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ ۋە باشـ
تىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئـەستايىدىل ئـىشلىدى.
كېۋەز تېرىش مەزگىلىدە ئېتىز بېشىدا، سـېتىش ۋاقـ
تىدا، پاختـا زاۋۇتـىدا بولدى. هەر يىلى يېڭى - يېـ
ڭى چارىلارنى قوللاندى. ئۇ بۇيىل ئـەتىيازدا مـۇنـ
داق بـىر بەلگىلىمە تۈزۈپ يولغا قويدى: كېۋەز تېـ
رىش مەزگىلىدە مەبلەغ سېلىش بـىلەن ئەمەلىيلەشـ
تۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، سۈپەت بىلەن ئۈنۈمنى
بىر گەۋدىلەندۈرۈشنى ئـىشقا ئاشۇردى. ئـالدى بـىـ
لەن مەبلەغ سېلىشنى نۇقتىلىق ئېلىپ باردى. ئەمەـ
لىيلەشتۈرۈشتە باهالاش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، تەلەپـ
كە يەتكەندە كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنى هـەيدەشكە ۋە
ئۇرۇق سېلىشقا رۇخسەت قىلىش چارىسىنى يـولغا قوـ
يۇپ، تەلەپكە يەتمىسە هـەيدەشكە، ئـۇرۇق سـېلىشقا
رۇخسەت قىلمىدى. ئۇ، يېزا بويىچە قايسى جاي، قايـ
سى ئورۇن تەلەپكە يەتتى دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلسىلا،
شۇ هامان ئادەم ئېلىپ بېرىپ بىرمۇ بىر تـەكشۈرۈپ
ئۆتكۈزۈۋالدى. بىر كۈنى بايىقى شېكەر 4- كـەنتتىن

كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلەپ قى-
لىنغان خەۋەر كەلدى. ياقۇپ شۇجى موتسىكلىت بى-
لەن ئۇ يەرگە يېتىپ باردى ۋە ئادەم تەشكىللەپ،
ھەممە ئېتىزلارنى ئارىلاپ، تەلەپكە لايىق بولغانلى-
رىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يەرلەرنى ھەيدەشكە رۇخسەت
قىلدى. ئۇ، ئۇ يەردىن 13 كىلومېتىر يول يۈرۈپ سەيپۇڭ
كۆۋرۈك 9-كەنتىگە يېتىپ باردى. بۇ كەنتىنىڭ ئەھۋا-
لىمۇ يۇقىرىقىدەك بولدى. ئۇ يەنە 10-
كەنتكە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى.
ئۇ قولىغا قول چىراغ ئېلىۋېلىپ، ئېتىزلارنى ئارىلاپ
چىقتى. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇ ئىككى تاختا يەر-
نىڭ كۆنجۈرىسىنىڭ تازا تەلەپ-
كە لايىق چېچىلمىغانلىقىنى
ھېس قىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ،
قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ،
ئۇلاردىن ئەتىسى سەھەردىلا كۆنجۈرىنى تولۇقلاپ چا-
چىدىغانلىق ھەققىدە ۋەدە ئالدى. باشقا يەرلەر تەلەپكە
لايىق بولۇپ، ئۆتكۈزۈۋېلىنسىلا كېچىنى كېچە دېمەي
تراكتور ئاغدۇرۇشقا كىرىشەتتى، شۇڭا ياقۇپ شۇجى
ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە دەرگۇمان بولدى ۋە ۋاقىتنى
ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆزى قىيماي كېچىچە ئىشلەشنى تەلەپ
قىلىپ ئېتىز بېشىدا تۇرۇۋالدى. يەر ئىگىسى بىلەن
كەنت كادىرلىرى كۆنجۈرە قاتارلىقلارنى ئېلىپ
كەلدى. ياقۇپ شۇجى ئۇلارغا ھەمكا-
رلىشىپ كۆنجۈرىنى ئۆزى باش بولۇپ

چېچىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ شىمىنىڭ پۇشقاقلىرى
تۈرۈلگەنىدى. ئىش بىر سائەتتىن كۆپرەك داۋام
قىلدى، ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدى.
ئارقىدىن قالغان ئېتىزلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ
نومۇر قويۇپ لاياقەتلىك بولغانلىقىنى مۇقىملاشتۇ -
رۇپ ئاغدۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئاددى بىر ئىش
بولسىمۇ، بۇ خەۋەر يېزىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئالاھىدە
بىر ئىش بولۇپ تارقالدى ۋە يېزىنىڭ كېۋەز تېرىل-
غۇسىنىڭ سۈپەت، سۈرئەت ۋە ئۈنۈمىگە كۈچلۈك تۈرت-
كە بولدى. ناھىيە بۇ يېزىدا كېۋەز تېرىلغۇسى بويى-
چە نەقمەيدان يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبىنى كېڭەيتتى.

ياقۇپ شۇجى كېۋەزنى تېرىشتىن تاكى كېۋەزنى
يىغىشقىچە بولغان ئارىلىقتا تۈرلۈك ئىشلارنى ھاردىم-
تالدىم دېمەي قىلاتتى. ئۇ بۇ مەزگىلدە كەنتلەرنى توخ-
تىماي ئارىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلات-
تى. ئۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ھاردىم - تالدىم
دېمىدى، زېرىكمىدى، ۋايسىمىدى! بەلكى، پاختىچى-
لىق ئىلمىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەم ماھىر تېخنىك،
ھەم ماھىر يېتەكچى بولۇپ قالدى. قايسىبىر تۈردە،
قايسىبىر كېسەل- زىيانداش ھاشارات كۆرۈلۈش ئەھ-
ۋالى مەلۇم بولسا، ئۇ مۇتەخەسسىسلەردەك ئالدىن بى-
لىدىغانلاردىن بولۇپ قالدى.

باشقىلار ئۇنىڭ پاختىچىلىقتا يەكۈنلىگەن تەج-
رىبىسىگە ئاساسەن بىر كىتاب يېزىپ شۆھرەتمۇ قا-
زاندى. قۇرغاق، شور - زەي تۇپراقتا كېۋەز ئۆستۈ-
رۈش ئىلمىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى سەۋىيىگە
كۆتۈردى ۋە بۇ تۈرگە مۇستەھكەم ئاساس سالدى. ئۇ

هەر تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاش ، ئۇيۇشتۇرۇش، قوبۇل قىلىش يولى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتا ، بولۇپمۇ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا، پەن - تېخنىكىنى يېتەكچى قىلدى. ئۇ، تېرىم يېزىلىق پارتكومىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا يېتەكلەش، بۇنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا يېزا پەن-تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، دەپ قارىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر قانچە يىلدىن بۇيان، 126 نەپەر دېھقاننى ناھىيەۋە باشقا جايلارغا ئەۋەتىپ، كېۋەز تېرىش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلىدى. يېزىدا 20 قارار كۇرس ئېچىپ، ئۆزى دەرس ئۆتۈپ، 6480 ئادەم - قېتىم دېھقاننى بورداقچىلىق ، باغۋەنچىلىك، پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسى بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىدى. ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن دېھقان تېخنىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى، پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇردى.

ئۇ، يەتتە-سەككىز ئاي تارتقان جاپانىڭ قەدىتىنى چاقىدىغان ۋاقىت پاختىنى يىغىپ، زاۋۇتقا ئاپىرىپ سېتىش، دەپ قارايتتى. بۇ دەل ئەجىر مېۋىسىنىڭ قەدىنىنى چاقىدىغان ۋە پەيزىنى سۈرىدىغان، نەتىجىسىنى كۆرىدىغان چاغ ئىدى. لېكىن ھەممە ئىش جايىدا بولسىمۇ، سېتىش - سېتىۋېلىشتىكى ئۆتكەل ھەممىنى ھەل قىلاتتى. پاختىكارنى يا يىغلىتاتتى، يا كۈلدۈرەتتى. بۇ ئىشنىڭ كۆشەندىسى نائىنساپلىق

ئىدى. نائەھلى كىشىلەر ئاشۇ پاختا سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىدا مولۇن مۆشۆكتەك مارىلاپ ياتماي قالامەتى؟! ياقۇپ شۇجى پاختا سېتىش باشلانغان كۈندىن باشلاپ، پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. ئۇ يەرگە كۈندىلىك نازارەت قىلىش خادىمى قويدى، ئۆزىمۇ ھەپتىدە 2 ـ 3 كۈن مەخسۇس چىقىپ، سېتىش ـ سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا نازارەتچى بولدى.

— شۇجىلىكىنى قىلسۇن، بىزنى باشقۇرالمايدۇ ئۇ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەي بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەرتىپى بويىچە ئىشلەۋېرىمىز، — دېيىشتى پاختا سېتىۋېلىش ئورنىدىكى ئايرىم كىشىلەر ياقۇپ شۇجىدىن رەنجىپ، — ئۇنىڭ پاختا سېتىۋېلىشقا ئارىلىشىشقا ھەققى يوق...

بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. سۈرۈشتە قىلىپ، راستلىقىنى ئىسپاتلاپ، قاتتىق ئاچچىقلاندى. «نېمە دېگەن مۇتىھەملىك بۇ؟ نېمە دەپ ئارىلاشمىغۇدەكمەن؟! ئالتە ئاي يازدا ئېتىزدا ئىشلەپ مىڭ بالالىقتا مايسىنى كېۋەزگە، كېۋەزنى پاختىغا ئايلاندۇرغان ئادەمنىڭ ئاز ـ تولا ھەق گەپ قىلىشقا نېمە دەپ ھەققى يوقكەن؟ تەييارغا ھەييار بولۇپ، يەنە تېخى ھەقدارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلسا بولامدىكەن؟ پۇل بەردىم دېگەن بىلەن پۇلنى ھەركىم بېرىدۇ ـ دە؟ — دېدى ئۇ، — بىزگە ماسلاشمىساڭ، دېھقانىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان بولساڭ، زاۋۇتىڭنى نېرى كۆتەر! پاختىغا پۇل بېرىدىغان ئورۇن كۆپ!» نەقمەيداندا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان دېھقانلار خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى. ياقۇپ شۇجى يەنە شۇ

«قىلىقىنى» قىلىۋەردى. قايسى بىر دېھقان: ساتقان كېۋە-
زىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەن بېكىتىپ قوي-
دى دېسە، ئۇ دەرھال ئۆلچەم ئەسۋابى بىلەن قاي-
تا، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ
بەردى. پاختا زاۋۇتىنىڭ خادىملىرىنىڭ دەرىجە بېكى-
تىشىدە مەسىلە بار ئىدى. ئۇلار ئىلاجى بار دېھقان-
لارغا يول قويۇپ بەرمەيتتى، ھەق ئىش قىلمايتتى.
ھەر قېتىم تەكشۈرگەندە، «يېغىرى» ئاشكارا بولۇپ
قېلىپ تولۇقلاشقا مەجبۇر بولاتتى. ياقۇپ شۇجى ئۇ-
لارغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، كېيىن ئۇلاردى-
كى سەۋەنلىك 80 - 90% ياخشىلاندى. ھەر يىلى
پاختا سېتىش مەزگىلىدە، دېھقانلار پاختا دەرىجىسى-
نىڭ تۆۋەن بېكىتىلىپ قېلىشى بىلەن خېلى نۇرغۇن
كۆرۈنمەس زىيانغا ئۇچرايتتى، ياقۇپ شۇجى بۇ
ھالەتنى تىغمۇ تىغ تۇرۇپ ئۆزگەرتتى. ئۇ، مەن
كېۋەزنى دېھقانلارغا تېرىتتىم، ئۇنى قوغدىشىم، ئەجىر-
كە لايىق قەنتىنى چېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىم
كېرەك دەپ قارايتتى.

ماشىنا بىر دەمدىن كېيىن، پۈتۈن ۋىلايەتكە دا-
جەيدىن ئۆگىنىشتە ئۈلگە بولۇپ تىكلەنگەن بۇ كەنت-
نىڭ ئىشخانا ئالدىغا يېتىپ باردى. ياقۇپ شۇجى
كەنت ئىشخانا قورۇلۇشلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ
چىقتى، كەنت سېكرېتارى سامساق تەۋەككۇل:

— قورۇلۇشنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ سىرى ئۆتكەندە
ياغقان يامغۇردا ئازراق تۆكۈلدى، لېكىن تاملىرى ئول-
تۇرۇشىدىغان، يېرىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى، —
دېدى.

مىللىي پاسوندا سېلىنغان كەنت ئىشخانىلىرى قويۇق ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئىشخانىلار ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كەنت پارتىيە ياچېيكا ئىشخانىسىدىن تارتىپ قىرائەتخانىغىچە، دېھقانلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۇرس ئاچىدىغان ئۆيدىن مەجلىسخانىغىچە چىرايلىق بېزەلگەن، تاملارغا ھەر خىل مەزمۇندىكى بىلىملەر، شوئارلار، سېخېمىلار يوپۇشتۇرۇلغانىدى. ئەلۋەتتە، بىر قانچە يىللار ئىلگىرى بۇ كەنتتىلا ئەمەس، باشقا كەنتلەردىمۇ بۇنداق كۆركەم قۇرۇلۇشنىڭ بولۇشىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ياقۇپ شۇجى دەسلەپ كەلگەندە يېزا بويىچە ئىككىلا كەنتنىڭ ئىشخانىسى بار ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ پائالىيەت ئۆيلىرى، سورۇنى بولمىسا، دېھقانلارنى قانداقمۇ يېتەكلىگىلى بولىدۇ؟ ياقۇپ شۇجى 1993 - يىلى ئەتىيازدا پىلان تۈزۈپ، يېزا بويىچە 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى ۋە جىددىي تۇتۇش قىلىپ، 13 كەنتنىڭ ئىشخانا، پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئۇنىۋېرساللاشقان پائالىيەت بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. 1995 - يىلى يەنە 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېزىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى پائالىيەت ئۆيىنى رېمونت قىلدۇردى. بۇ جەرياندا ياقۇپ شۇجى ھەرقايسى كەنتلەرنى دېھقانلارغا سېلىق سالمىغان ئاساستا مەبلەغ توپلاش، كەنت قۇرۇلۇشى قىلىش ۋە كەنت جۇغلانمىسى كۆپەيتىپ، كوللېكتىپ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. كۆپلىگەن كەنتلەر، يىل-

تىزلىق 1 - كەنتىگە ئوخشاش كەنت ھېسابىغا يەرتې-
رىپ، باغ - ۋاران قىلدى، ئورمان ئەھيا قىلدى، قو-
غۇن - تاۋۇز تېرىپ ساتتى، شۇ پۇل بىلەن كەنتكەكى-
رىم توپلىدى. نەتىجىدە، كەنتلەرنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش، خىزمەت شارائىتى ياخشىلاندى. كەنتلەرنىڭ
ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ باربولدى. قارا توغراق 3 - كەن-
تى تېخى بۇلتۇر ئەتىيازدا بۇ نىشانغا يەتكەنىدى.

شۇ ئارىدا كەنت سېكرىتارى خىزمەتلەردىن قىس-
قىچە دوكلات قىلدى. ياقۇپ شۇجى ئارتۇقچە گەپ قىل-
مىدى. بۇ چاغدا قورساقلار ئېچىپ، ھەممىمىزگە ھاردۇق
يەتكەنىدى، سېكرىتارنىڭ زورى بىلەن كەنت ئالدى-
دىكى تېرەكلىك ئارىسىغا ئەدىيال تاشلاپ ئولتۇرۇپ
«ئۇھ» دېدۇق. شۇ ئارىدا ياقۇپ شۇجى بۇ كەنتتە ئول-
تۇرۇشلۇق ئاكىسى بىلەن ئىنىسىنى چاقىرتىپ چىقىپ
ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشتى.

8

بىز سېكرىتار ئېلىپ كەلگەن قېتىقنى دوغ قىلىپ
ئىچىپ، ماغدۇرىمىزغا كەلگەندەك بولدۇق. مەن ياقۇپ
شۇجى ھەققەتەن ئىشلەيدىغان ئادەم ئىكەن، كادىر-
لارنىڭ ياقۇپ شۇجى بىلەن ماڭغان ئادەم ئاچ قال-
دۇ، جېنىغا ۋاي، دېگىنى راست ئىكەن دەپ ئويلاپ
قالدىم. بۇ ئېسىل روھ بولۇپ، قەدىرلەشكە ئەرزىيتتى.

مەن شۇ ئەسنادا بۇ يەردە بىزگە قىزىقىپ قاراپ
تۇرغان بىر توپ دېھقانلار بىلەن مۆڭدىشىپ قال-
دىم. ئۇلار ماڭا ياقۇپ شۇجى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك
ئەسلەتمىنى ھەديە قىلدى:

كېچە سائەت ئىككىدىن ئاشقان چاغ ئىدى. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، ياقۇپ شۇجى ئۆندەرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېچىشقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تېلېفون تروپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، ھە؟! نېمە گەپ؟!

— مەن ئازادگۈل، ئىمامجان بولالماي قېلىۋاتىدۇ، كېلەلەمسىز؟!

— ئەھۋالى بەك خەتەرلىكمۇ؟

— خېلى ئېغىر، بالا ئاغرىقتا چىدىيالماي ۋارقىراپ كېتىۋاتىدۇ، دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېسەم يالغۇزلۇق تارتىۋاتىمەن.

— بالىنى ئامال بار مىدىرلاتماي دوختۇر چاقىرىڭ، بولمىغاندا، بىر ئامال قىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىڭ، مەن ھازىر بارىمەن!

ئۇ چالا-بۇلا كىيىنىپ ئابلىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ ئۇنى ئويغاتتى، ئۇمۇ بىرەر ئىشنى پەم قىلغاندەك دەرھال تەييار بولدى، ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ياقۇپ شۇجى يېزا ئورگىنى تەرەپكە كېتىپ باراتتى.

— ماشىنىنى ئېلىپ چىقايمۇ؟

— تېز بول، بىزنىڭ ئۆيدىن چاتاق چىقىپتۇ.

ئۇ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ماشىنىنى ماشىنا ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىپ، يېزا ئورگىنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان ياقۇپ شۇجىنى ئېلىپ غەربكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۈن - تىنسىز ماڭدى، ياقۇپ شوجىنىڭ خىيالى بالىدا ئىدى. ئۇ چوڭقۇر، قورقۇنچلۇق خىيالغا غەرق بولدى. 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنىدىكى بۇ مىنۇتتا قەھرىتان قىشنىڭ نەشتەردەك سوغۇقى ماشىنىدىن قورققاندەك ھۇشقۇيتىپ، يېقىمسىز ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. « بالىغا سوغۇق تېگىپ، زۇكام بوپتۇ - دە! شۇنىڭ بىلەن يەنە شۇ يۈرەك كېسەللىكى — نىجىس كېسەل قوزغىلىپتۇ! » دەپ ئويلىدى ياقۇپ شوجى ھەسرەتلىنىپ تىنىپ. ئۇنىڭ ھارغىن جىسمى، ئېغىر خىياللىرى ئۇنى چوڭقۇر ئازابلارغا ئىتتەرگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئاشۇ بالا، ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا ئاشۇ ئوغۇل، قەلبىدىكى ئوتلۇق، ئۇلۇغ تەكچىلەردە ئاشۇ بالىنىڭ سىماسى ۋە ئېچىنىشلىق نالە - زارى نامايان بولماقتا ئىدى. ئۇ ئاشۇلارنى خىيال قىلىپ، خۇددى ئىڭراپ ياتقان ئوغلىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئاشۇ ئىش ئۈستىدە تۇرغاندەك بىر تۇيغۇدا، ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئاخىرى: بالام، بالام، جېنىم بالام، غەيرەتلىك بول، دەۋەتتى. لېكىن، قولىدا بالىنىڭ قولى، ئالدىدا بالىنىڭ جىسمى يوق ئىدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىنى ماشىنىدا سەزگەندە، ئازابلىق، قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ قالدى، لېكىن ھېسسىياتى، قەلبى كۆۋەجەپ، يۇلقۇنۇپ تۇراتتى، قەلبىدە بىر خىل قارام كۈچ، قارام تۇيغۇ مەۋج ئۇراتتى. ئۇ زادىلا چىدىيالماي قېلىۋاتاتتى، ئالدىرايتتى، ماشىنا خۇددى قوتۇركالا قوشۇل-

غان، نەچچە تونـنا ئـېغـىر يۈك بېسىلغا ھـارۋىغا
ئوخشاش ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق، رې-
ئاللىق بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ ھەسسە غالىب ئىدى...
مانا شۇ تاپتا ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى-
نى ئويلاپ كۆرسە، قەلبى تېخىمۇ ئازابقا قالارمۇ يا-
كى كۆڭلى ئـەمىن تېپىپ، تەسەللىيگە ئېرىشەرمۇ ؟ !
ھالبۇكى، بۇنى ئۇ ھازىرقى ئەھۋالدا خىيالىغا سىغ-
دۇرالمايتتى، ئۇ، بۇنداق خىياللاردىن ، رېئاللىقتىن
مۇتلەق مۇستەسنا ئىدى...

راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ھازىرقى كـۆڭلىنى
ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ، شۇنداق باغرى
يۇمشاق، شۇنداق باغرى ئىللىق ، ھېسسىياتچان ئاتا
ئىدى. ئەمما كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەيتتى، ماھىيەتنى
بىلمىگەن كىشىلەر ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماي، خاتـا
يەكۈن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا باغرى قاتتىق ، تاش يۈرەك
دېگەن تەتۈر گەپنى چاپلاشقا ئۇرۇناتتى... ئۇنداقتا، نېمە
دېگەن تۈزۈك ؟ ! ياقۇپ جۇمە دائىم يېزىدىن كەلمەيت-
تى، ئۆيىگە كەلگەندىمۇ، ناھـايىتـى ئاز تۇراتـتـى،
بۇنىڭغا نۇرغـۇن سـەۋەب تـېـپـىـلاتـتـى، ئـەمەلى-
يەتتىمۇ شۇنداق كۆپ پاكـىـت مـەۋجۇت ئىدى. پار-
تىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى بىلەن ئـۇ ئارام ئالال-
مايتتى. ئـارام ئالغان چاغلاردىمۇ ئىش بېجىرەتتى.
خىزمەتنى ، خىزمەتچىلەرنى ئويلايتتى، بالىلارنىڭ،
ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا زادىلا ۋاقىت چىقىرالمايت-
تى، تىرىشچان، سەۋرچان ئايالى ئازادگۈل ئائىلىنىڭ،

بالىلارنىڭ ھەممە ئىشىغا ھازىر جاۋاب ئىدى. ئۇ
توختاۋسىز ئىشلەپ، كۈندۈزى دېھقانچىلىق ئىدارى-
سىدىكى خىزمىتىنى، ئىشتىن چۈشكەندە، دەم
ئېلىش كۈنلىرىدە ئائىلىدىكى تۈگىمەس ئىشلارنى،
بالىلارنىڭ غەلۋە - غودۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى،
ياقۇپ شۇجىنىڭ ئائىلىدە يوقلۇقىنى چاندۇرمايتتى،
ئېرىم ياخشى ئىشلەپ تۆھپە قوشسۇن، ھۆكۈمەتنى،
خەلقنى رازى قىلسۇن، ماڭا شۇ يېتەرلىك، دەپ ئوي-
لايتتى. پىتنىچىلەرگىمۇ، غەيۋەتخورلارغىمۇ، كۆيۈنگۈ-
چىلەرگىمۇ شۇنداقدەيتتى. ئەمما، بالىلار كېسەل بولۇپ
قالغاندا ئېغىر ئاۋارىچىلىققا قالاتتى. بولۇپمۇ ئوغلى-
نىڭھازىرقىدەك پات-پات قوزغىلىپ تۇرىدىغان كېسىلى
ئۇنى سارا سىمگە سالاتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇ بالى-
نىڭ خىيالى بىلەن سۇ ئىدى. بالىنىڭ تۇغۇلىشىدىنلا
يۈرەك كىلاپانى كەڭرىپ كېتىش كېسىلى بار ئىدى.
ئوغلىچوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ كېسەل بارا-بارا سا-
قايغان، ياخشىلانغان بولسىمۇ، قىزىتما، زۇكام قا-
تارلىقلار بالىنىڭ بەدىنىگە تەھدىت سالغاندا،
ھەممىيلەن سارا سىمگە چۈشەتتى. ئازادگۈل ھەممىدىن
بەكرەك ئازابلىناتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالى-
نىڭ كېسىلى كۆپ قېتىم قوزغىلىپ قالدى، بۇنداق
چاغدا ئازادگۈل ياقۇپ جۈمەگە خەۋەر قىلماي ئۆزى
داۋالىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئەمما قات-
تىق يالغۇزلۇق قىلاتتى، بۇنى كۆرگەن قوشنىلار،
خىزمەتداشلار ئازادگۈلگە ئىچ ئاغرىد-
تىپ، ياقۇپ شۇجىنى تاش يۈرەك دەپ

ئەيىبلەيتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنداق ئەمەس ئىدى. كىم نېمە دېسۇن، ياقۇپ شۇجى ئازادگۈلدىن قاتتىق سۆيۈنەتتى، ئازادگۈل بولمىسا مەن ھازىرقىدەك نەتىجە قازىنالمايتتىم دەپ ئويلايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قەدىرلەيتتى، ھۆر-مەتلەيتتى، بۇ خىل ئىچكى باغلىنىش ئۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىن بەھرىمەن قىلاتتى.

ئۇ،سەل ئارام تېپىپ قالغان چاغلاردا، كىشىلەر-نىڭ تاش يۈرەك دېگەن ئەيىبلەشلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئارقىدىنلا ھېسسىياتلىنىپ، ئۇلار چۈشەنمەيدۇ دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ بۇ ھەقتە گەپ بولۇپ قالغاندا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

ناھىيىلىك نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن يۆتكى-لىدىغان چاغدا، ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ، غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولدى، ئەسلىدە دېھقانلار، ئىشچىلار قوي سويۇپ ئۇنى ئالاھىدە ئۇزى-تىپ قويماقچى بولۇشقانىدى. بۇ يەردە بەش يىل ئىش-لىگەن ياقۇپجۈمە ئۈچۈن بۇ ھېچقانچەگەپ ئەمەس ئىدى، بىراق، ئۇ دېھقانلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر رەھبىرىي كادىر ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەس دەپ قارىغاچقا، ئۇدۇللا كەتمەكچى بولغانىدى. دەل شۇ چاغ-دا دېھقانلار ئۇنى ئۇقۇپ قېلىپ،300 نەچچە ئادەم ئۇ-نىڭ ئىشخانىسىنى ئورىۋالدى، ئۇ ئۇلارغا كۆپتىن-كۆپ ئۆزرە ئېيتتى، ئاخىرى دېھقانلار قايىل بولدى. 70 ياشقا كىرگەن ئەزەم ھەمرا دېگەن پېشقەدەم دېھقان

يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيىدىن
ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ھارۋىغا ئول-
تۇرۇپ كېلىپ: «سىز ياخشى ئىشلىگەن
ئىدىڭىز بالام، بىز سىزنىڭ سايىڭىزدا باي بولغانى-
دۇق، تۇرسىڭىز بولاتتى، خەير دېيەت» دەپ دۇئا قىلىپ،
ياش تۆكتى. ياقۇپ جۇمەنىڭ كۆزىدىن ئىختىيار-
سىز ياش تامچىلىدى، ۋۇجۇدى شۇرۇردە ئېرىپ
كەتكەندەك بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا تەشەك-
كۈر يېشى تۆكتى. ئۇ، خوشلىشىپ كېتىۋېتىپ، مەن ياخ-
شى ئىشلەپتىمەن، مەن توغرا ئىشلەپتىمەن، دېدى.
تاش يۈرەك ئادەم يىغلاشنى بىلمەيدۇ ھەم
باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتالمايدۇ،
شۇنداقلا كىشىلەرنى ياخشىلىققا دالالەت قىلال-
مايدۇ، نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك ئىش قىلال-
مايدۇ. ياقۇپ جۇمەدە ھەقىقىي كۆيۈملۈك يۈرەك، باھار-
دەك ئىللىق، يۇمشاق يۈرەك بار ئىدى. شۇنداق بولغاچ-
قىلا كىشىلەرنى ئېرىتەلىدى، قىلغان ئىشلىرىدا ئۇ-
تۇق قازىنالىدى. شۇڭا ئۇ، كىشىلەرنىڭ ھېلىقىدەك
يەكۈنلىرىگە پىسەنت قىلمايتتى، بىراق ئادەم يې-
تەرسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، ئەمما ياخشىلىق
قىلىش يولىدا كۆرۈلگەن سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىك
ماھىيەتتە يېتەرسىزلىك، سەۋەنلىك ھېسابلانمايدۇ.
ماشىنا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى،
ئۇ ئۆيىگە ئۆزىنى ئاتتى، بالىنى كۆرۈپ بايىقى بى-
سەرەمجانلىقى سەل بېسىققاندەك بولدى، دوختۇر با-

لىنى تەكشۈرۈپ، تىنچلاندۇرۇش، يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلاش دورىسىنى ئىچكۈزۈپ، ئوكۇل ئۇرۇپ قويغان ۋە كۆزىتىپ تۇرغانىكەن. ئۇ بالىدىن ھال سوراپ تەسەللى بەردى، ئاندىن دوختۇر بىلەن كېڭىشىپ، دوختۇرخانىغا يۆتكەشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلىدى...

بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بالىنىڭ بۇ كېسىلى قوزغىلىپلا تۇردى. بىراق، ئۇ ئۆزى بىرەر قېتىممۇ داۋالىتىپ باقىنىنى بىلمەيتتى، ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم بالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا ئۇ خىزمەت جىددىيچىلىكى بىلەن تاشلاپ كەتكەن، باللار ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز دادا، خوش دەپ كۆز يېشى بىلەن ئۇزۇتۇپ قېلىشقانىدى. بۇقېتىم ئۇ يېزىدىكى ئارىسالۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، دوختۇرخانىدا بىر قانچە كۈن بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. باللىرى ئۇنىڭغا:

— دادا، خەقسىزنى ئەمدى تاش يۈرەك دېمەيدىغان بولار - ھە؟! ئەمدى دېسە بىزمۇ بوش كەلمەيمىز! — دېدى.

9

— باللىرىم، ھەممىڭلار بۇ ئۆيگە كىرىڭلار، گەپ بار، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ مەريەمگۈل، ئىمامجان، ھاجى مۇھەممەت، رىزۋانگۈل، ھاجى ئەخمەت ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. دېگىنىنى بىجا كەلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقىللىق، چىچەن، بولۇپ بىر - ئىككىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى تولىمۇ سەممىي، قىزغىن، ئەدەب - قائىدىلىك چوڭ بولۇۋاتاتتى.

— دادام يەنە پۇل يىغىش يىغىنى ئاچىدۇ، بو-لۇڭلار - ھە؟!— دېدى بالىلاردىن بىرسى.
— ھەر يىلى شۇنداق قىلىدۇ، بۇ دادام،—دېدى يەنە بىرسى.
— دادامنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى توغرا.
— ئۆزىگە توغرا، ماڭا توغرا ئەمەس، — دېدى بالىلارنىڭ كىچىكى دومسىيىپ تۇرۇپ ، — ئادەمنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالىدۇ شۇ.
ياقۇپ شۇجى كولۇپ قويدى. لېكىن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. بالىلار يىغىلدى. ئۇلار دادىسىنىڭ كۆ-زىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ چېھ-رىدە ھەر خىل ئىپادىلەر جىلۋە قىلاتتى. «دا-دام پۇل يىغارمۇ؟ ياكى باشقا بىر ئىش بىلەن چاقىرت-قانمىدۇ ؟ ئۇ دائىم يېڭى -يېڭى ئىشلارنى ئويلاپ تا-پىدۇ...» بۇ بالىلارنىڭ خىيالى ئىدى . ياقۇپ جۇمە-گەشۇتا پىتا بىر ئىش قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇنىڭ خىيا-لى بىردىنلا باشقىچە بولدى. دەسلەپ ئۇ بۇنىڭغا ئېرەن قىلمىغان، تەبىئىي ھالدىلا مۇئامىلە قىلغانىدى. كېيىن بالىلارنىڭ «دادام پۇل يىغىش يىغىنى ئاچىدۇ » دېگەن گېپى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، ئويغاسالدى . ئەمما نېمىنى ئويلىسۇن، نېمە دېسۇن، بۇنىڭغا ئامال يوق. بالىلارنىڭ روھىدا ئەكس سادا پەيدا قىلغان، ئۇ سۆزگە بىر خىل ئادەت سىڭگەن، بىر خىل چۈشەنچە، بويسۇنۇش مۇجەس-سەم بولغان، شۇندا قىلا ئۇنىڭغا بىر خىل نارازىلىقمۇ سىڭگەن! بۇنى قانداق قىلغان بىلەنمۇ تۇسۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئادەم ئىدىيىسىدە ھامان ئاشۇنداق ئىككى خىل زىددىيەت ۋە نەتىجە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ئۇ-نىڭدىن پەقەت بىرسىگە بويسۇنۇشقا ياكى بىرسىنى بويسۇندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ياقۇپ شۇجەنىڭ ئويلىغانلىرى بار. ئۇ-
نىڭ ئويلىغانلىرى ئىچىدە، ئۈستۈنلۈككە ئىگە رېئال-
لىق مەۋجۇت. ئۇ بالىلارنىڭ قەلبىدىكى ئاشۇ زىددى-
يەتنى پەسەيتىدۇ، ئۇقۇمنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇڭا
ئۇ، ھازىر ئويلانغان، سەل تۇرۇپ قالغان، ئىككى خى-
يال بولۇپ قالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ھۆكۈمنى — رې-
ئاللىقنى كۈچكە ئىگە قىلدى.

— سىلەر مېنىڭ بالىلىرىم، — دېدى ئۇ تاماكى-
نى قاتتىق-قاتتىق شوراپ تۇرۇپ، — سىلەر مېنىڭ ۋە
ئاناڭلارنىڭ تەربىيىلىشىگە، قاتارغا قوشۇشىغا مۇھ-
تاج. بىز ھەر بىر ئىشنىڭ ئۆلگە كۆرسەتكۈچىسى، تە-
سىر كۆرسەتكۈچىسى! بىزدە ياخشى خۇلق، ياخشى قا-
ئىدە-يوسۇن يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ھەيدەكچىلىك
قىلىش بولمىسا، سىلەرنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈ-
دەك قاتارغا قوشۇش پۈرسىتى بولمايدۇ. بىز ئۇنى كۆ-
رەلمەيمىز. مۇھىمى ئۇنى جەمئىيەت، خەلق كۆرەلمەي-
دۇ. مەيلى مەن پۇل يىغىش يىغىنى ئاچاي ياكى باش-
قا يىغىننى ئېچىپ مەسلىھەت سالاي، سىلەرنى ياخشى-
لىققا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىمەن. قانداقتۇر باشقا
بىر مۇددىئا يوق، ئەگەر مېنىڭ قىلغان ئى-
شىم خاتا بولسا، ئۇ چاغدا نېمە دېسەڭلار مەن ھەر-
گىز خاپا بولمايمەن، بەلكى سىلەردىن خۇش بولىمەن،
مەن سىلەرگە دېسەم، ئاتا-ئانىنىڭ مەجبۇرىيى-
تى ھېلىقىدەك بولۇپلا قالماي، بالىلارنىڭمۇ مەجبۇرىيىتى
بار. سىلەر ئاتا-ئاناڭلارنىڭ تەربىيىسىنى، ئۇستاز-
لارنىڭ، بىلىمى ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرىلارنىڭ تەربىيى-

سىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى باشقىلار ئالدىدا نامايان قىلىپ، ئاتا-ئانىلارغا، ئۇستازلارغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلار كېرەك، بۇ ئەڭ چوڭ ئۇتۇق. شۇنداقلا ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت...

بالىلار جىمجىت بولۇپ قېلىشقانىدى، تىمتاسلىق ئۇنىڭخىيالىنى—سۆزىنى بۆلدى. ئۇ سەل تۇرۇۋالدى ۋە ھاياجانلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ—ئۆزىنى بىرەر مۇنبەردە دوكلات قىلىۋاتقاندەك سېزىپ بالىلارغا تەكشى قاراپ چىقتى.

— ئەسلى گەپكە كېلەي، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — شۇ تاپتا ھەممىمىزگە ھېيت، ھەممىلا ئادەم خۇشاللىق، توقچىلىق قوينىدا يايرايدىغان مىنۇت. ئەمما مۇشۇ مىنۇتلاردا بىز خۇشاللىق ئىچىدە، ئۆزىمىزنى ئۇنۇتقان ھالدا كۈلۈۋاتساقمۇ، يىغىسى بارلارنى ئۇنۇتۇپ قالساق بولمايدۇ. مۇشۇ تاپتا قايغۇدا يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىز ئازئەمەس، ئالدىنقى يىللاردا سىلەر بەرگەن پۇللار بىلەن ھېيتنى خۇشال ئۆتكۈزۈۋالغان نامراتلارنى بۇ يىلمۇ خاتىرجەم قىلمىساق بولمايدۇ. ئازغىنە پۇلنى خەجلىمىسەك، تېجەپ ئۇلارغا بەرسەك، ئۇلارخۇشال بولسا بىزخۇشال بولغانغا ئوخشاش، بىلىسەك بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭخۇشاللىق، سىلەر بىر نەچچە تال چوكا مۇز، بىر نەچچە تال تاتلىق-تۈرۈم يېمىسەڭلار، بىر نەچچە دانە ئويۇنچۇق ئالمىساڭلار، بىر-ئىككى قېتىم كىنو - تى-

ياتىر كۆرمىسەڭلار نېمە بولىدۇ؟ ھېچگەپ يوق. سىلەرگە
بىرەر قۇردىن يېڭى كېيىم قىلىپ بەردۇق، بۇ سىلەرنىڭ
ھېيتلىقىڭلار. شۇنى چىرايلىق، رەتلىك كىيىسەڭلار، ئويـ
نىساڭلار بولىدى، پۇل خەجلىمىگەنگە ئوينىغىلى بولمايـ
دىغان، خۇشال بولمايدىغان ئىش يوق... قېنى، يېنىڭـ
لاردا بار پۇلۇڭلارنى چىقىرىڭلار، باشقىلار ھېيتلىق دەپ
بەرگەن پۇللارنىمۇ ئېلىڭلار، يىغىپ ماڭا بېرىڭلار...

بالىلار يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ھايال ئۆتمەي
پۇللىرىنى يىغىپ، دادىسىغا تۇتقۇزدى. پۇل 200 يۈەنـ
دىن كۆپرەك ئىدى. بۇ ئاز گەپ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭـ
غا ماددىي جەھەتتىن مەلۇم قىممەت، مەنىۋى جەھەتـ
تىن بولسا، ئالەمچە كۆيۈنۈش مۇجەسسەم بولغانىدى.
مانا بۇ، بۇلتۇر 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇنىڭ ئائـ
ئىلىسىدە بولغان ئىش ئىدى. ئۇ، ھەر يىلى روزى ھېيت
ۋە قۇربان ھېيت مەزگىلىدە بالىلىرىنى ئېلىپ ئۆز
يۇرتى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەر ـــ قاراتوغراق كەنـ
تىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە باشقا قەۋملىرىـ
نىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلاتتى. يۇرت ـ جامائەتلىرىـ
نىڭ ئۆيلىرىگە پەتىلەيتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ
قالغانىدى، ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايـ
دىسى بار دەپ قارايتتى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا
ئەل ـ يۇرت مېھرى چوڭقۇرلىشاتتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار
ئارىسىدىكى مۇھەببەت، كۆيۈنۈش كۈچىيەتتى، يەنە بىر
جەھەتتىن، بالىلىرىغا يېزىنى، يېزا ئەھۋالىنى، ئۇرۇق ـ
تۇغقانلارنى تونۇشتۇرۇشنىڭ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈ ـ
شەندۈرۈشنىڭ ۋە باردى ـ كەلدىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ

ياخشى پۇرسەتتى ئىدى. بولۇپمۇ بۇ ئۇلارغا يېزا تۇرمۇشى بىلەن شەھەر تۇرمۇشىنىڭ پەرقىنى بىلدۈرۈپ، ھايات-لىق پائالىيىتىنىڭ شۇنداق مۇرەككەپ، شۇنداق ئەگرى-توقايلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ كىشى-لىك قاراش، ئادىمىيلىك خىسلەت يېتىلدۈرۈشىگە تۈرت-كە بولاتتى. بالىلاردا ھەممىگە توغرا قاراش، مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش تەدبىرى تاپالايدىغان بىر خىل ئىجادكارلىق، ئادەملەرنى كەمسىتىشتىن ساقلى-نىشتەك ئىستەكلەرنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينايتتى، يەنە بىرى ئۇ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تونىدى. ئۇ باشقا چاغلاردا خىزمەت ئالدىراشچانلىقى بىلەن ھەممىلا ئۆيگە كىرىپ - چىقىش ئىمكانىيىتى يارىتالمايتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ھېيت مەزگىلىدە بىر ئائىلىنىڭ قانچىلىك مۈلكى بارلىقىنى، قانچى-لىك مادارى بارلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكىلى بو-لاتتى، چۈنكى قۇربان ھېيت ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق مۈلكىنى نامايان قىلىدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىپ، يىل بويى تاپقان-تەرگىنىنى داستىخانغا تۆكۈپ، مېھمان-نىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ۋاقتى، بۇ چاغدا كىمنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادى بارلىقى مانا مەن دەپ ئاشكارا بو-لاتتى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە، كۆرۈنۈشتە ھاللىق سەۋى-يىدە كۆرۈنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى-گە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى خىيال قىلمىغان دەرىجى-دە نامراتلىقىنى، كۆرۈنۈشى نامرات بىر قىسىم كىشى-لەرنىڭ باي ئىكەنلىكىنى كۆردى. يېزا دېگەندە غە-

لىتە ئىشلار ، غەلىتە مىجەزلىك كىشىلەر كۆپ، بەزىلەر بىر نەرسىسى بولمىسىمۇ، قولى ئوچۇق، راستـ چىل، پاكىز، گەپ - سۆزى، يۈرۈش - تۇرۇشى جايىدا؛ بەزىلەر ھال - كۈنى ياخشى، قول-ئىلكىدە بار بولـ سىمۇ يوق دەپ، ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ، باشقىلار- نىڭ قۇتقۇزۇشىغا خۇشتار، كىيىنىش، ياسىنىشنى، تاپـ قان پۇلنى جايىدا خەجلەشنى بىلمەيدۇ، پىخسىق كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتەن پەم-پاراستى يوق، بۇنداقلار ھەـ قىقىي نامرات. ئاقتۇرسا، بۇنداق خۇسۇسىيەتلەردىن يەنە نەچچىسى چىقىدۇ. ئۇ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ دېھقانلارنىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى ، مۇـ رەككەپ تۇرمۇش ئادىتىنى، مۇرەككەپ يوسۇن، ھايات پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ ئارقىـ لىق تۇرغۇن ئىسلاھ قىلىش ، ئۆزگەرتىش پىلانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇلار ئۈچۈن ئالدىراشقا بولمايتتى. پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ تەدرىجىي- تەدرىجىي يولغا قوـ يۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ مانا شۇ ئىشلار جۈملىسىدىن تۇنـ جى قەدەمدە قىلغان بىرىنچى ئىشى ھەقىقىي نامراتلار- غا ئۆزى ۋە بالا - چاقىلىرى مېھىر - شەپقەت يەتـ كۈزۈش بولدى.

ياقۇپ شۇجى بۇ ئىشنى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى قۇربان ھېيت، روزى ھېيتتا قانات يايدۇرـ دى. بالىلارمۇ دادىسىنىڭ بۇ تەشەببۇسىغا كۆنۈپ قالدى. بۇ يىل بالىلار ئۆزلىرى ئىئانە قىلغان پۇلـ لارنى دادىسى كۆرسىتىپ بەرگەن نامرات ئائىلىلەرـ نىڭ ئۆيلىرىگە بىرمۇ بىر ئاپىرىپ ئۆز قوللىرى بىلەن تارقىتىپ بەردى. نامراتلارنىڭ شادلىق ياشـ

لىرى، دۇئالىرى بالىلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆزلىرى ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل ھارارەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلدى.

بۇ يىل 3 – ئايىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى يېزىلىق پارتكوم ئورگىنىدا، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا بىر قانچە نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى ياقۇپ شۇجى ئۈستىدە ئېلىپ بې-رىلغان باھالاشتا يۇقىرىقى بايانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان، 2400 نەچچە يۈەن-لىك نەرسە – كېرەك، پۇل – پۈچەكنى نامراتلارغا بەرگەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى.

— نېمىشقا شۇنچە چوڭ ئىشنى ئازراقمۇ بولسا بىزگە دەپ قويمايسىز؟ – دەپ سورىدى پۈتۈكچى ئۇ-نىڭدىن.

— دەپ نېمە قىلىمەن، دېگۈدەك ئىشمۇ شۇ، – دېدى ئۇ، بۇ سوئال سورىغۇچىغا قاتتىق دەككە بولدى.

— يوق بىر ئىشلارنى دەيدىغۇ باشقىلار، – دې-دى بىرسى.

— قىلىپ بولۇپ مىننەت قىلغانلىق – دە، ئۇ؟! – دېدى ياقۇپ شۇجى يەنە.

شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ شۇجى گەپ قىل-مىدى. ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشنى خەقنىڭ دېگىنى تۈزۈك، خەلق ھەققانى، ئۇلارنىڭ كۆزى ھەق-قانى، ئەقلى ئۆتكۈر، ئۇلار بىر ئادەمگە ھەقىقىي با-ھا بېرەلەيدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مەلۇم قىلىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، خەلق قەلبىدىن ئورغىغان دوكلات — ھەقىقىي، جانلىق بولىدۇ؛

ئەنەشۇلا چىن ، ھەقىقىي شۆھرەت بولالايدۇ. ئۇنىڭ نامرات دېھقانلار ئۈچۈن ئويلايدىغانلىرى كۆپ بولۇپ، تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى يۆلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرسام دەيتتى، شۇندىلا ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى ، ئارمىنى ھاسىل تاپاتتى، ئاھ، نامرات دېھقانلىرىم، ئاھ نامرات خەلقىم! سىلەرنى قۇتقۇزۇشقا نېمە دەپ زور ئىمكان بەرمەيدىغانسىلەر؟! خەلقىم، ماڭا مەدەت بەرگەيسىلەر؟! دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە...

10

مەن كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەت ئارقىلىق ياقۇپ شۇجىنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئازايتىش، قالايمىقان راسخوتلارنى تىزگىنلەش خىزمىتىدىمۇ، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدىم.

ئۇ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون، شۇنداقلا ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەر قايسى قاتلام، تارماقلاردىكى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتىش تۈرلىرىنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، تەپسىلىي كۆرۈپ، بەلگىلىمە ۋە ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ھەق ئېلىش تۈرلىرىدىن 20 نەچچىنى تېپىپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى. ئۇ بۇلتۇر 6-ئايدا ، يېزا ئورگىنىدا پاكلىق قۇرۇلۇشى يىغىنى ئاچتى ۋە يېزا مەسئۇللىرى، يېزا كادىرلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ پۇلىغا مېھمان چاقىرماسلىق، سوۋغا تەقدىم قىلماسلىق، يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگۈچىلەرگە تاماق

بىر دىشكە توغرا كەلسە، ھەشىمەتچىلىك قىلماي، ئا-دەتتىكىدەك غىزالاندۇرۇش، تاماق پۇلىنى قايسى سا-ھەدىكى خىزمەتنى تەكشۈرگەن، ئېكىسكۇرسىيە قىلغان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ شۇ خىزمەتكە مەسئۇل خادىملار ئۆزلىرى تۆلەش... قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقار-دى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ، دەسلەپىدىلا ئۈچ قېتىم-لىق مېھمانىنى ئۆز يېنىدىن 260 يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۆزاتتى. بۇ ئىش ئۆزاققا بارمايلا يېزا بويىچە ئو-مۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. ئىككى ئاي ئىچىدىلا دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ 2500 يۈەن پۇلى تېجەپ قې-لىندى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، يېزا بويىچە 30نەچ-چە مىڭ يۈەن چىقىم ئازايدى ۋە تېجەلدى.

11

كۆپلىگەن دېھقانلاردا خۇراپاتلىققا چوقۇنۇش، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرگە يېپىشىۋېلىش خاھىشى ئې-غىر ئىدى. بەزىلەر خۇراپاتلىققا تايىنىپ جان با-قاتتى. نادان دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى، نا-چار ئۆرپ - ئادەت كىشىلەردە ھەشىمەتخورلۇق، داغ-ۋازلىق، شۆھرەتپازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىمدا ئىسراپخورلۇق ئەدەپكە تېگەن، بۇنىڭ بىلەن نامراتلىق باش كۆتۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ئىشلار دېھقانلارنى چۆشەپ، ئۇلارنى نامراتلىق پاتـ-قىقىدىن قۇتۇلالماس قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ بۇنىڭغا قارىتا كەسكىن رەت قىلىش، رەددىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. ئۆلىما-لار بىلەن يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ، توختام تۈزۈش،

نازارەت قىلىش، مىقدار-دائىرىسىنى بېكىتىش، مەلۇم قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورناتتى. خۇراپاتلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى قاتتىق جازالاپ، كەسكىن بىر تەرەپ قىلدى. لېكىن بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسانغا چۈشمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇنى بارا - بارا ئۆزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى...

12

ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىققاندەك، دېھقانلار-نىڭ ئاغزىدىن يەنە مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلاپ قال-دىم: مەلۇم بىر كۈنى ياقۇپ شۇجىنىڭ ئىشخانىسى-چېكىلدى. ياقۇپ شۇجىنى جىددىي بىر ھال ئورىۋال-دى. ئۇ دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا 60 ياشلار چامىسىدىكى مۆكچىيىپ قالغان بىر موماي تۇراتتى.

— ئادىل شۇجىنىڭ ئىشخانىسى مۇشۇمۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى موماي.

— ئادىل شۇجى دېگەن كىم ئۇ، موما، ئۇنداق ئادەم يوق.

— ياق، بالام، سىز بىلمەيدىغان ئوخشايسىز، بىزنىڭ تېرىمغا ئادىل شۇجى دەيدىغان بىر كىشى باشلىق بولۇپ كەپتۇ، شۇنى ئىزدەپ كەلگەن، بالام.

— ئادىل ئىسىملىك شۇجى يوق، ياقۇپ جۇمە، ئىدرىس كېرەم، دەيدىغان شۇجى بار، ئادىل دەپ يوق.

— تېرىمنىڭ باش شۇجىسى كىم، بالام؟

— مەن، ئىسمىم ياقۇپ جۇمە...

— مۇنداق دەڭ، دەل تېپىپتىمەن، خەق سىزنى ئادىل شۇجى دەيدىكەن، بالام، قارا توغراقلىق ئۇ-كەنسىزغۇ، بالام!

— شۇنداق، مەن قارا توغراقتىكى جۇمەقاسساپ-نىڭ بالىسى.

— ھەي  ېرلىق، ھەي قېرلىق، دەردىم بار-تى بالام، بىر كىمگە دەي دېسەم، خەقلەر يېزىغا بې-رىپ ئادىل شۇجىغا دەڭ دېدى. مەن ئادىل شۇجى دې-گەن كىم دېسەم، 1 - شۇجى دېدى، ماۋۇ قېرلىقنى...

— نېمە دەردىڭىز بارتى ئانا، كېلىڭ، ئىشخا-نىغا كىرىپ دەڭ، تارتىنماڭ.

ئۇ، موماينى ئىشخانىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزدى، ئالدىغا چاي كەلتۈردى، ئاندىن ئۇنىڭ شېكەر 4-كەن-تىدىن كەلگەنلىكىنى سوراپ بىلدى.

— شۇجى بالام،— دېدى موماي،— مەن بىر تۇل خوتۇن، ھېچ نەرسەم يوق، ئىش قىلالمايمەن، كول-لېكتىپنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ جان باقىمەن. گا-ھىدا ئۇنىڭ- بۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قورساق بېقىپ جاھاندارچىلىق قىلىمەن، قايسى كۈنى ياغقان يام-غۇردا ئۆيۈمنىڭ تاملىرى زەيلەپ چۈشۈپ كەتتى، ئوڭلاي دېسەم قۇربىتىم يەتمىدى. شۇڭا سىزنى ئىز-دەپ كەلگەن...

— ئانا، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۆيىڭىزنى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ياساتتىپ بېرىمەن.

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، ئىشىڭىز بەرىكەتلىك بول-سۇن، شۇجى بالام، سىزگە دۇئا قىلاي، بولسا شۇنداق

ىلىپ بېرىڭ، ئۆلمىگەنجاندا ئۇمىد باردەپتىكەن، — دېدى موماي قاتتىق ھاياجانلىنىپ.

ياقۇپ جۇمە ئادەم چاقىرتىپ مومايىنى يولغا سېلىپ قويدى ۋە شۇ كۈنى شېكەر 4 - كەنتىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرتىپ، پارتىيە- ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مومايىنىڭ ئۆيىنى سېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر ھەپتىگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مومايىنىڭ ئۆيى پۈتۈپ كىرىۋالدى. ياقۇپجۇمە ئۆينى تەكشۈرگىلى بارغاندا، موماي كۆز يېشى قىلىپ:

— شۇجى بالام، سىز ئۆز بالامدىنمۇ چارە ئىش قىلدىڭىز، — دېدى.

## 13

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى بىر كۈن ئىدى. ياقۇپ شۇجى ناھىيىدىكى يىغىننى تۈگىتىپ، ھارغىن ھالەتتە سىرتقا مېڭىپ تۇرۇشىغا، ناھىيىلىك ئەرز دىيەت ئىشخانىسىدىكىلەر ئۇنى چاقىردى.

— نېمە گەپ؟ — دېدى ياقۇپجۇمە جىددىي تەرىزدە.

— سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز بار. سىزنى ھېچكىم تۇتالمىغانىدى، ئەمدى بىز تۇتىدىغان بولدۇق...

— قورقۇنچام يوق، ئەرز بولسا جاۋاب بېرىشكە مەن تەييار.

— پو ئاتماڭ.

— ياق، پو ئاتقىنىم ئەمەس، ئاغرىقنى يوشۇرسا ئۆلۈمى ئاشكارا...

ئۇلار ياقۇپ شۇجىغا بىر پارچە «شىكايەتخېتى»نى بەردى.

—قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ مەسىلىنى دەرھال ھەل قىلىپ جاۋابىنى بىزگە بېرىڭ، — دېدى ئىشخانا مەسئۇلى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ ھېلىقى ئەرزنى ئوقىدى. ئۇنىڭدا، تېرىم يېزىسىنىڭ تۇپراق شارائىتىنىڭ پاختىغا ماس كېلىدىغانلىقى، شۇڭا يېزا پاختىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ۋە بۇنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئەرزنىڭ ئاساسى بار ئىدى، ئەمما ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتماي قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىشنى كۆپەيتىۋەتسە، دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى يىلمۇ يىل قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇرماسا بولمايتتى، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە پىلانلىرى بار ئىدى، مانا بۇ ئاشۇ «شىكايەت»كە بېرىدىغان جاۋابى ئىدى.

تېرىم خەلقى نامرات، ئەمما ئىشچان، زېمىنى كەڭ، ئەمما زەي - شور، ئېچىش شارائىتى ياخشى، ئەمما مالىيە كۈچى يېتەرسىز، خەلقى پۇل تېپىشنى ئاز - تولا بىلىدۇ، ئەمما خەجلەشنى بىلمەيدۇ، ئاددىي-سادا، ئەمما تۇرمۇشى رەتسىز، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، قالاق، ئەمما ئەرز - شىكايەتكە ئۇستا... مانا بۇلار كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى پەيدا قىلاتتى، زىددىيەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتلىرىنى ئۇلغايتاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەرز - شىكايىتى يىل بويى تۈگىمەيتتى.

بىر قېتىم ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەرزىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىرسى يوپۇرغىلىقلار نېمىشقا ئەرز-

شىكايەتنى كۆپ يازىدۇ؟ دەپ قاقشىغاندا، تەشۋىقات
بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان يوپۇرغىلىق بىرسى:
يوپۇرغىدا يازغۇچى كۆپ، ئەرز دېگەننىسەۋىيىسى بار
ئادەم يازالايدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭغا
ئوخشاش، تېرىمىدىمۇ يازغۇچى كۆپ، يازسا
يېزىۋېرىدۇ، دەپ قويسىلا بولمايتتى. بۇ ئىشنى نۇق-
تىلىق ئىشلىمىگەندە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار-
نىڭمۇ، ئۆز ئورنىنىڭمۇ بېشى ئاغرىيدىغان ئىش كېلىپ
چىقاتتى. شۇڭا ياقۇپ جۇمە يېزىنىڭ بازىرى بولىدى-
غان ھەر پەيشەنبە كۈننى ئەرز - شىكايەت ئاڭلاش،
بىر تەرەپ قىلىش كۈنى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭغا
شىكايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن شى-
كايىتىنى يېزىپ چىقاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا تاپشۇراتتى.
ئۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئەرز قىلغۇچىنى چاقى-
رىپ، پىكىرلىشىپ، ھەل قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ،
ھەل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا تولا چاغلاردا ئۆي -
مۈلۈك، يەر، نىكاھ، ئائىلە تالاش - تارتىشلىرى
ھەققىدىكى دەۋالار ۋە ئايرىم ئاساسىي قاتلام كا-
درلىرىنىڭ نامۇۋاپىق ئىشلىرىنى ئىنكاس قىلىدى-
غان ئەرز - شىكايەتلەر كېلەتتى. ئۇنىڭدىن چوڭ
ئىشلار يوق ئىدى. ئۇ، ئەرز - شىكا-
يەت ئاڭلاش، ھەل قىلىش كۈنىدە زېرىكمەي
ئىشلەپ، بەزىلىرىگە تەستىق سالاتتى، بەزىلىرىنىڭ
ئارىسىغا كىرىپ مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلاتتى، بەزى-
لىرىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ھەل قىلىشىغا
ھاۋالە قىلاتتى، ئەمما ۋاقتىدا جاۋابىنى ئالماي،
مۇرۇشتە قىلماي قويمايتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،

ئۇ ھەر يىلى 300 دىن ئارتۇق ئەرز - شىكايەتنى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلدى. بىر قېتىم كۆتەكلىك 5- كەنتتىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئابلا ئوسمان ئۆزىنىڭ پارتىيىلىك تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولالماي چۈشۈپ قالغىنىنى، بۇنى ياقۇپشۇجىنىڭ تەكشۈرۈپ بېقىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ياقۇپشۇجى بۇ ئىلتىماسنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، بۇ كىشىنىڭ پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى 30 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەنلىكىنى، رەسمىي پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەسلىدە ئۇ كەنت تەرىپىدىن يېزىغا يوللانماي قالغانىكەن، ياقۇپ شۇجى شۇ كۈنىلا ئۇ كىشىنى پارتىيە ئەزالىرى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پارتىيە ئەزاسى دەپ ئەنگە ئالدى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھېلىقى بىر پارچە «ئەرز»نى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېزا ئاتلاپ يۇقىرىغا بارغان ئەرزدىن بىرسىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىدى.

ئايرىم كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ھەممىلا ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەنسىز، جان توشامدۇ؟ تاللاپ ئاڭلىغان ياخشى» دېدى. ياقۇپ شۇجى دەرھاللا: «مەن ئۇلارنىڭ باشپاناھى، مەن ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتمىسەم، نېمىشقا قىلىدىغان ئادەممەن» دەپ ئىنكاس قايتۇردى.

## 14

بىز دېھقانلار تەييار قىلغان تاماقلار بىلەن غىزالىنىپ، يەنە «سەپەرگە» ئاتلاندۇق، ماشىنا قوزغىلىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن كۆتەكلىك 5- كەنت تەۋەسىگە يېتىپ كەلدۇق.

— دېھقانلار ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭىزھەققىدە بەك كۆپ ئاڭلىدىم، — دېدىم مەن گەپ كوچىلاپ.

— بۇ خىل ئۇششاق ئىشلار كۆپ، — دېدى ئۇ، — ئادەم ياشىغانىكەن، تۇتامغا چىققۇدەك ئاز - تولا ئىش قىلىشى كېرەك. ئويلىسام، تېرىمدا نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلارنى قىلدىم، ھەل قىلدىم، ئەمەلىيلەشتۈردۈم. بۇنىڭ ئىچىدە، كىشىلەرگە ئۇزاق مۇددەت نەپ بېرىدىغان ئىشلاردىن بىر نەچچىسى بار. ئاساسلىقى، 1992- يىلدىن بۇيان، 206 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، يېزىدا بىر تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، بىر چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردۇم. يەنە بىرى، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قەشقەردىن ئېلېكتر توكى يەتكۈزۈش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن ئائىلىلەرنى ئېلېكترلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇم، كىشىلەر بۇنىڭغا «خاسىيەتلىك ئىشلار» دەپ نام بېرىشتى.

— بىر ئەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش خۇسۇسىيەتكە باغلىق، مەن سىزنىڭ خۇسۇسىيىتىڭىزنى قەيسەر روھ بىلەن يوغۇرۇلغان خۇسۇسىيەت، دەپ قارايمەن، سىزنىڭچە، بۇ قارىشىم توغرىمۇ ؟ — دەپ سورۇدۇم مەن ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭدىن.

— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى «پالانى خۇسۇسىيەتلىك» دەپ ئېيتىمىقى، يەكۈنلىمىكى تولىمۇ تەس، مەن ئەسلىدە ماتې-

ماڭىدىكا ئۆگەنگەن ھەم ئۇنىڭغا قىزىقاتتىم. ئەمما ئېھ-
تىياج تۇپەيلىدىن ئۆزۈم قىزىقمايدىغان ھەم ئانچە ئېتىبار
قىلمايدىغان ئەدەبىياتتىن دەرس بەرگەن. مەن پەل-
سەپىنى ياخشى كۆرەتتىم ۋە تەتقىق قىلىپ ئۆزلەش-
تۈرگەنىدىم. ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپە بەكمۇ باغلى-
نىشلىق، ئىككىسى بىرلەشسە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان
نەتىجىنى يېمىرىش مۇمكىن ئەمەس، ۈنكى ئۇنىڭ-
غا ھەم ئەمەلىيەت، ھەم ھەقىقەت مەركەزلەشكەن،
ھەقىقەت يوق دۇنيادا باي - باياشات ياشىغاندىن
كۆرە، ھەقىقەت بار دۇنيادا يالىڭاچ ياشىغان ياخشى.
مېنىڭ قەلبىمدە شۇنداق بىر ھەقىقەت بار. شۇڭا مەن
جاھىل ھەمچىڭگىز. قايسىبىر كۈنى ناھىيىلىك ئىنتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن تەكشۈرۈش، كۆزىتىشكە ئادەم
كەپتۇ، ئۇلار نەتىجىلىرىمنى كۆرۈپ: «سىزدىن قورق-
مىسا بولمايدۇ» - دەيدۇ، «نېمىشقا؟» دەپ سورىسام،
سىز ھەقىقەتچى، ئىشنى بەك ئەستايىدىل ئىشلەيسىز،
ئەستايىدىل ئادەم ئىشنى بېرىلىپ قىلىدۇ، نۇرغۇن
ئىشى ئەمەلىيەتچىل بولىدۇ، بۇ ھەقىقەت، بۇنى ھېچ-
كىم رەت قىلالمايدۇ» دېدى. ئىچىمدە كۈلۈپ كەتتىم. كېيىن
ئويلانسام راست شۇنداق ئىكەن، مانا بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك
خۇسۇسىيىتىم بولسا كېرەك ...

راست، ھەقىقەتچىل ئادەم يېمىرىلمەس بولىدۇ،
بولۇپمۇ ئەمەلدار بولغان ئادەم ھەقىقەتچى بولۇشى
كېرەك. ھەقىقەتچى ئادەم ئەمەلدارلىقتىن چۈشۈپ قال-
سىمۇ، شۆھرەتتىن مەھرۇم بولمايدۇ، بۇنى داھىلارمۇ

ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مەڭگۈلۈك ئالتۇن ئابىدە ياراتقان. ياقۇپ جۇمە ئەمەلدارلىق كوچىسىدا، بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق قارايتتى: ئالتۇن سۇغا چۈشسە، ئاستىغا چۆكىدۇ، ئەمما تېزەك سۇغا چۈشسە، سۇ ئۈستىدە لەيلەيدۇ. تېزەكنى سۇزۇپ ئېلىش ئاسان، ئالتۇننى ئېلىش بولسا ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈش كېرەك. سۇنىڭ ئاستىغا چۆككەن ئادەم نۇرغۇن ئەجىر قىلىشقا ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلدار بولغان ئادەم ماھىيەتتە خەلقنىڭ چاكىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا چوقۇم سۇ ئاستىغا چۆكۈپ، ئالتۇن ئىزدەش روھى بولۇشى كېرەك. بىر ئەر يەرگە مەسئۇل بولغان ئادەم جەزمەن ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلەپ، نەتىجە قازىنىپ ئۇلار ئالدىدا مەن ياخشى ئىشلىدىم، دېيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا، شۇندا قىلا ئارقاڭدا، ئۇ ياخشى ئىشلىدى، دېيەلىشى كېرەك. بۇنداق تەگلىك ھەقىقىي ۋىجدان بىلەن ئىش قىلغانلىقنى ئىسپاتلايدۇ، قانداقتۇر ئاچچىق كەلگەندە قىلغان ئىش، غەزەپكە كېلىش — ۋىجدانلىق بولغانلىق بولمايدۇ.

ياقۇپ جۇمە تېرىم يېزىسىغا كېلىش ئالدىدا ناھىيىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— تېرىم يېزىسىنىڭ ھەممە كۆرسەتكۈچى يۇقىرى پەللىگە چىققان، سىز شۇ سەۋىيىنى ساقلاپ قالالىسىڭىزلا زور تۆھپە ياراتقان بولىسىز، — دېيىشكەنىدى.

ھاكىمىمۇ: «سىز بىرىلك، ئۆز يۇرتىنى سۆيگەن ئادەم، سۆيۈم-
لۈك بولالايدۇ» دېگەن. بۇ گەپ ئۆز ۋاقتىدا ياقۇپجۇمەنى
قاتتىق ھاياجانغا سالغان. ئۇ، ھاياجاندىن كېيىن،
تەمكىنلىك بىلەن ئەتراپلىق ئويلاندى: مەن باراي،
راۋۇرۇس ئىشلىسەم نېمە دەپ نەتىجە قازىنالماي-
دىكەنمەن؟ تېرىم خەلقى نامرات بولسىمۇ، ئەمما ئىش-
چان، ھورۇنى ئىشچان قىلىش تەس، ئەمما ئىشچان-
نى ئىشقا سېلىش ئاسان، دېگەنلەرنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزۈپ ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزغانىدى.
ئۇ ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان،
قىلغانلىرىمۇ ھەر قانداق بىر ئىشتا ئۆچمىگۈدەك تارى-
خىي ئابىدىلەرنى ياراتقانىدى.

ياقۇپجۇمە مانا شۇلارنى ئويلىغاندا، تېخىمۇ ھا-
ياجانلاندى ۋە ئۈمىدكە تولدى، بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ
روھىدا بىر مەيدان، بىر مەۋقە بار ئىدى. بۇ، بېشىغا
ئۆلۈم كەلسىمۇ شۇ مەيداندا ئۆلۈش، تىزپۈكمەسلىك
روھى ئىدى. ئۇ: «بىز تۇغۇلدۇق، ئاتا-ئانىلار
چوڭ قىلدى، ئۇلار شۇنداق تارىخنى ياراتتى. بىزمۇ
شۇنداق تارىخنى يارىتىشىمىز، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ
تارىخنى يارىتىشىمىز كېرەك، ئۇ تارىخنى ئالدى بى-
لەن ئۆزىمىز يارىتىشىمىز كېرەك. ئادەمدە مەيدان،
روھ، ئىرادە بولمىسا تارىخ ياراتقىلى بولمايدۇ،
ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلققە ۋە ئۆزىگە ھېچقانداق
ياخشى ئىش قىلىپ بەرگىلى بولمايدۇ، رەھبەر بولغان
ئادەمدە يەنە ئۇمۇملۇق كۆز قارىشى، يىراقنى كۆرە-
لىك كۆز قارىشى بولمىسا بولمايدۇ» دەپ قارايتتى...

## 15

كۆن غەربكە پاتاي دەپ قالغاندا، ماشىنا يېزا
ئورگىنىغا كىرىپ كەلدى. ماشىنىنىڭ ئۈستى ئاق بىر-
زىنت ئارتىلغاندەك توپا بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى.
ماشىنىدىكىلەرمۇ تونىغۇسىز ھالدا چۈشتۇق ۋە بىر
چەتكە بېرىپ توپىنى قېقىشقا باشلىدۇق.
قورۇنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىدە تەمتىرىشىپ
يۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ ياقۇپ شۇجىغا گېپى
باردەك قىلاتتى. ئۇ، ئىشخانىسىغا مېڭىۋىدى، ھېلىقى
ئادەملەر بىر- بىرىدىن قىزغانغاندەك ئالدىراپ ئۇ-
نىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى. ياقۇپ شۇجى ئۇلارنىڭ
كۆڭلىدىكىنى بىلمىدىغاندەك ئۇلارغا نەزەر تاشلىدى.
ئۇ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىدىغاندەك، يەنە خىز-
مىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغاندەك قىلاتتى...

## 16

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى سان- سانلارغا قاراپ
باقايلى: 1995 - يىلى بۇ يېزىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي
مەھسۇلاتى 9 مىليون 302 مىڭ 269كىلوگرامغا يېتىپ،
1992 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 217 مىڭ كىلوگرام ئاش-
تى. ياغلىقدان 239 مىڭ 225 كىلوگرامغا يېتىپ، 92-
يىلدىكىدىن 38% ئاشتى. چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى
42 مىڭ 207 تۇياققا يېتىپ، 92- يىلدىكىدىن 23.59%
ئاشتى.

ئومۇمىي كىرىم 42 مىليون 607 مىڭ 564 يۈەن-
گە يېتىپ، 92 - يىلدىكىدىن 23 مىليون 549 مىڭ 128
يۈەن ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى 1349 يۈەن

بولۇپ، 92-يىلدىكىدىن 570 يۈەن ئارتۇق. پاختا ئومۇمىي
مەھسۇلاتى 2 مىليون 470 كىلوگرامغا يېتىپ، 92-يىلدىكى-
دىن 25.98% ئېشىپ، كىشى بېشىغا ئۈچ دەندىن توغرا كەل-
دى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى
150 كىلوگرامدىن ئاشۇرغان كەنت سەككىزگە يەتتى. يېزا-
بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون
33 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 92- يىلدىكىدىن 89.4% ئاشتى.

دېھقانلارنىڭ تۈرلۈك سېلىقى 92-يىلدىكىدىن
665 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، 510 ئائىلىلىك دېھقان
پىششىق خىشلىق ئولتۇراق ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى.

يېزىنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى ئۆسۈپ، چوڭ-
كىچىك ماشىنا- تراكتور 420 گە يەتتى. چاتما ساي-
مانلار 210 غا يېتىپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش
كۆلىمى 33 مىڭ مو بولدى، بۇ ئومۇمىي يەرنىڭ 98 پىر-
سەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىدە، ياقۇپ
شۇجىنىڭ تۆھپىسى زور، كۆرسەتكەن تەسىرى، ئوينىغان
رولى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى، بىر قانچە يىلدىن بۇ-
يان، بۇ يېزىدا ناھىيە دەرىجىلىك نەقمەيدان يىغى-
نىدىن 20 نەچچە قېتىم ئېچىلدى. يېزىمىز 1992-يىلدىن
بۇيان، ۋىلايەت، ناھىيە بويىچە كۆپ قېتىم ئىلغار بولدى.
ياقۇپ جۇمە 20 نەچچە قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋ-
ۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى
ئىلغار شەخس»، 1996- يىلى 6- ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى
ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچى-
سى» بولدى، 40 نەچچە قېتىم تەجرىبە تونۇشتۇردى...

17

شۇنداق، ياقۇپ جۇمەدە دېھقانلارغا، ئۆز يۇر-

تىغا، ئانا تۇپراقتا ھەقىقەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت بار. ئۇنىڭ بۇ مۇھەببىتى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مۇھەببەت، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ئەجىر مېۋىسى مەڭگۈلۈك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىلىش كېرەككى، مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى ھامان ئۆچىدۇ، بىراق ئۇنىڭ تۇپرىقى، ئېزگۈسى، مەنىسى ئۆچمەيدۇ، چۈنكى مۇھەببەت ئىنسان قەلبىدە يالقۇنجايدۇ، يەنە شۇ ئىنسان قەلبىدە سۇۋۇيدۇ، ئەمما سۇۋۇغان تەقدىردىمۇ ئۇ يەنە داۋاملىق ياشىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر قەلبتىن يەنە بىر قەلبكە تۇتۇشۇپ، توختاۋسىز داۋام قىلىدۇ، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل مۇشۇ يەردە. ياقۇپ جۇمە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇھەببىتىنى «تېرىدىم، سەن مېنىڭ باغرىم!» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ... ئۇ دېھقانلار قەلبىگە، ئەۋلادلار ۋە تەڭتۇشلەر ئارىسىغا ئاشۇنداق بىر خىل مۇھەببەتنى بەخش ئەتتى، بۇ مۇھەببەت ئوتى بىر قەلبتىن يەنە بىر قەلبكە تۇتۇشۇپ، خەلقنى، ئۆز يۇرتىنى ئاشۇنداق سۆيىدىغان ئەركەكلەرنى، ۋىجدانى كامىللارنى يارىتسا، بەخشەندە قىلسا، ئەجەبمۇ ياخشى ئىش بولار ئىدى- ھە؟!

1995- يىلى 9-، 10- ئايلاردا يېزىلدى.

1996- يىلى 7-، 8- ئايلاردا قەشقەردە تولۇقلاپ ئىشلەندى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: يالقۇنجان قۇربان

# تېرىم، سەن مېنىڭ باغرىم!

*

ئاپتورى: ئابلەت جۇمە

مۇھەررىرى: مۇقەددەر سايىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلەت ئەمەت

*

يوپۇرغا ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787مم، 1/32 باسما تاۋاق: 2.875

بېسىشقا رۇخسەت قىلىش (شچ)

كىنىشكە نومۇرى: 3147

---

باھاسى: 4.80 يۈەن